

# عالم الملائكة الأبرار

## تەرجىمىسى

# پەرىشتىلەر دۇنياسى

دوكتور ئۆمەر سۇلايمان ئەشقەرى

# پەرىشتىلەر دۇنياسى

دوكتور ئۆمەر سۇلايمان ئەشقەر

ئېيئوردانىيە نادىر ئەسەرلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە.......................................7
بىرىنجى بۆلۈم پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى.......................................9
بىرىنجى`پاراگراف`پەرىشتىلەرنىڭ`سۈپەتلىرى..............9
ئىككىنجى پاراگراف پەرىشتىلەرنىڭ ئەخلاقىي سۈپەتلىرى....28
ئۈچىنجى`پاراگراف`پەرىشتىلەرنىڭ`ئىقتىدارى...........30
ئىككىنجى بۆلۈم پەرىشتىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىدىغا نلىقى.....40
ئۈچىنجى بۆلۈم پەرىشتىلەر بىلەن ئىنسانىنىڭ مۇناسىۋىتى.....47
1 ـ پاراگراف:پەرىشتىلەر بىلەن ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇناسىۋىتى.......................................47
2 ـ پاراگراف`پەرىشتىلەربىلەن`ئادىمزاتنىڭ`مۇناسىۋىتى....49
3 ـ پاراگراف:پەرىشتىلەربىلەن موئمىنلارنىڭ مۇناسىۋىتى.....75
4 ـ پاراگراف: پەرىشتىلەرنىڭ كاپىر ۋە پاسىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.......................................104
تۆتىنجى بۆلۈم پەرىشتىلەر بىلەن باشقا مەخلۇقلارنىڭ مۇناسىۋىتى.......................................110
بەشىنجى بۆلۈم پەرىشتىلەربىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ئارتۇقچىلىقلىرى.......................................115

# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە

# نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

شۈبھىسىزكى، جىمىي ھەمدۇ-سانا اللە قا خاستۇر. ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، مەغپىرەت ۋە ھىدايەت تەلەپ قىلىمىز. اللە قا سېغىنىپ نەپسىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامان نەتىجىلىرىدىن پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرالىغۇچى يوقتۇر، اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلالىغۇچى ھەم يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىرلا اللە تىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر. اللە نىڭ شېرىكى يوقتۇر ۋە يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر.

پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىر تۈپكى ئاساسى بولۇپ، مۇشۇ ئاساس بولمىسا ئىمان چالا بولۇپ قالىدۇ. پەرىشتىلەر دۇنياسى غەيبىي دۇنياغا تەئەللۇق بولۇپ، اللە نىڭ خەۋىرىگە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خەۋىرىگە تەستىق قىلىپ، پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەنلەر اللە نىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ نەسلىرى (تېكىستلىرى) بۇ تېمىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ خۇسۇستىكى نەسلەرنى مۇتالىئە قىلغان كىشىلەردە پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ؛ ئىمانى

چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ. تەپسىلىي تونۇش مۇجمەل تونۇشقا قارىغاندا كۈچلۈكرەك ۋە مۇستەھكەمرەك بولىدۇ.

قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ بۇ تېمىدا ناھايىتى روشەن بايانلىرىنى بېرىشتىكى بىردىن بىر سەۋەب شۇكى، ئىنسانلار ئەقلىغە تايىنىپلا پەرىشتىلەر ھەققىدە توغرا تونۇشقا ئىگە بولالمايدۇ. ئىنسانلار پەرىشتىلەرنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمايدۇ. ھەممە ئىنساندا مۇشۇنداق ئاجىزلىق بولىدۇ. ناۋادا ئىنسانلار ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىنى ئاڭلىيالىغان ۋە كۆرەلىگەن بولسا ئىدى، ياشاشقا تاقەت قىلالمىغان بولاتتى. بىز بىر ئادەم پۈتۈن رادىئو دولقۇنلىرىنى ئاڭلىدى دەپ پەرەز قىلىپ باقايلى: بۇ ئادەم قانچىلىك قىينىلار، قانچىلىك جىلە بولۇپ كېتەر؟ بەلكى ئۇ ساراڭ بولۇپ قالار!

بەزىلەر بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلىشى مۇمكىن، بۇ توغرا ئوي ئەمەس. چۈنكى، «پەرىشتىلەر ئىلاھ، پەرىشتىلەر اللە نىڭ قىزلىرى» دېگەندەك سۆزلەر قەدىمكى زامانلاردىن بىرى تارقىلىپ كەلمەكتە. بەزى پەيلاسوپلار «بىز ھاۋا بوشلۇقىدا كۆرۈۋاتقان پىلانىتلار پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزى شۇ» دەپ قارىماقتا. بۇ تېمىدا بايان قىلىنغان نەسلەر پەرىشتىلەر ھەققىدىكى ئاشۇ خۇراپاتلىقلارنى ۋە ساختىلىقلارنى يوقىتىشتا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. قۇرئان، ھەدىسنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرى ۋۇجۇد ئالىمىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى، پەرىشتىلەر قوشۇنىنى كائىناتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ئورۇنلاشتۇرغۇچى اللە قا كەلتۈرگەن ئىمانىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانىيەت بىلەنكى زىچ مۇناسىۋىتى ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى تونۇتىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ رولىغا سەل قاراش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈش ئىدىيىسىنى يوقۇتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزىنى قەدىرلەپ، فۇنكسىيىلىك بۈيۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ناۋادا بىز پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن، پەرىشتىلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئۆگىنىشتىن ھاسىل بولىدىغان ياخشى نەتىجىلەرنى بىر-بىرلەپ سانىغىلى تۇرساق، سۆزىمىز بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا مەن كىتابخانلارنى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي، كىتابخانلار ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ ئىلھامبەخش مەزمۇنلىرىنى ئويلىنىپ بەھرى ئالغاي!

ﷲ تىن بۇ كىتابنى مەنپەئەتلىك قىلىشنى ۋە ﷲ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان خالىس ئەمەل قىلىپ بېرىشنى سورايمىز. شۈبھىسىزكى، ﷲ ناھايىتى ياخشى ئىگە، ناھايىتى ياخشى مەدەتكاردۇر.

دوكتور ئۆمەر سۇلايمان ئەشقەر

## مۇقەددىمە

### پەرىشتىلەر كىم؟

پەرىشتىلەر ـ ئىنسانلارغىمۇ، جىنلارغىمۇ ئوخشىمايدىغان ئايرىم بىر دۇنيادۇر. پەرىشتىلەر پاك ۋە تەقۋادار بەندىلەر بولۇپ، ئۇلار اللە قا ھەقىقى ئىبادەت قىلىدۇ، اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، اللە قا مەڭگۈ ئاسىي بولمايدۇ.

قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ئايەتلىرىنى كېيىن سۆزلەيمىز.

پەرىشتە ئەرەبچىدە «مەلائىكە» دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ سۆز ئەلچى دېگەن مەنىدە. پەرىشتىلەر اللە نىڭ ئەلچىلىرى بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. بەزىلەر: بۇ سۆز «يەتكۈزگۈچى» مەنىسىدە، پەرىشتىلەر اللە نىڭ سۆزىنى يەتكۈزىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان، دەيدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ دېيىشىچە: بۇ سۆز «ئىگە بولغۇچى» دېگەن مەنىدە، پەرىشتىلەر جاھاننى باشقۇرۇشقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ بىر تۈپ ئاساسى بولۇپ، پەرىشتىلەرگە ئىشەنمىگەن كىشىلەرنىڭ ئىمانى توغرا ئىمان بولمايدۇ. اللە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى. موئمىنلارمۇ ئىمان كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللە قا ۋە اللە نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز، دەيدۇ.» (سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەزمۇنى نېمە؟

سۈيۇتىي بەيھەقىينىڭ «شۇئىبىل ئىمان» ناملىق كىتابىدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ: «پەرىشتىلەرگە

ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش.

2 ـ پەرىشتىلەرنىڭ ئورنىنى توغرا تونۇش.

پەرىشتىلەر ئىنسانلار ۋە جىنلارغا ئوخشاشلا اللە نىڭ بەندىلىرى ۋە مەخلۇقلىرى بولۇپ، اللە بەلگىلەپ بەرگەن قۇدرەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلارمۇ ئۆلىدۇ، بىراق اللە ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان بولۇپ، ئۆمرى تۈگىمىگىچە ئۆلمەيدۇ. پەرىشتىلەردە بۇرۇنقىلار دەۋا قىلغاندەك ئىلاھلىق خۇسۇسىيەت يوق، اللە قا شېرىك بولىدىغان سۈپەتمۇ يوق.

3 ـ پەرىشتىلەرنى اللە نىڭ ئەلچىلىرى دەپ ئېتىقاد قىلىش.

اللە پەرىشتىلەرنى ئۆزى خالىغان ئىنسانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. پەرىشتىلەرنى ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشمۇ مۇمكىن. بەزى پەرىشتىلەر ئەرشنى كۆتۈرىدۇ، بەزى پەرىشتىلەر ئىبادەتتە سەپ تارتىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى جەننەتكە، بەزىلىرى دوزاخقا مۇئەككەل بولىدۇ. بەزىلىرى ئىنسانلارنىڭ نامە ـ ئەمالىنى خاتىرىلەيدۇ. يەنە بەزىلىرى بولۇتنى ھەيدەيدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئېنىق مەلۇمات بار.»

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتا قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئايەتلىرى تەپسىلي چۈشەندۈرۈلىدۇ.

## بىرىنچى بۆلۈم

# پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ

# ئىقتىدارى

بىز بۇ بۆلۈمدە ئايەت ۋە سەھىي ھەدىسلەر ئارقىلىق پەرىشتىلەرنىڭ ھەر خىل سۈپەتلىرىنى يورۇتۇپ بەرمەكچىمىز. ئاندىن پەرىشتىلەرگە اللہ ئاتا قىلغان ئىقتىدار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمىز.

## بىرىنچى پاراگراف پەرىشتىلەرنىڭ

## سۈپەتلىرى

### 1 ـ پەرىشتىلەر يارىتىلغان ماددا ۋە ئۇلار يارىتىلغان ۋاقىت

پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان. «سەھىي مۇسلىم» دا ئائىشە ۋە ئەبۇ بەكرى (اللہ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى، جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام لايدىن يارىتىلدى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە پەرىشتىلەرنىڭ قايسى خىل نۇردىن يارىتىلغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرگەن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن بىز بۇ ھەقتە ئارتۇقچە سۆز قىلالمايمىز. چۈنكى بۇ بىر غەيبىي مەسىلە. بۇ ھەقتە مەزكۇر ھەدىستىنمۇ ئېنىقراق مەلۇمات يوق. ئىكرەمە (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن «پەرىشتىلەر غالىبلىق نۇرىدىن، ئىبلىس غالىبلىق ئوتىدىن يارىتىلدى»

دەپ رىۋايەت قىلىندى. ئابدۇللا ئىبنى ئەمر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن: «پەرىشتىلەر اللە نىڭ ئىككى بىلىكى ۋە كۆكسىنىڭ نۇرىدىن يارىتىلدى» دەپ رىۋايەت قىلىندى. بۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ سۆزلەرنى ئاشۇ پازىل ئۆلىمالارنىڭ دىگەنلىكىنى راست بولغان تەقدىردە، ئۇلارمۇ خاتالىقتىن ساقلىنالمايدۇ. ئېھتىمال ئۇلار مەزكۇر سۆزنى ئىسرائىلىيات قىسسە ـ لىرىدىن ئالغان بولسا كېرەك.

ۋەلىيۇللا دىھلەۋىينىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە كەلسەك: «پەرىشتىلەر ئۈچ خىل بولىدۇ، بىر خىلى ياخشىلىققا مۇئەككەل پەرىشتىلەر بولۇپ، اللە ئۇلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتكەن ئوتقا ئوخشايدىغان نۇر ـ دىن يارىتىپ، ئۇلارغا ئىسىل روھ كىرگۈزگەن. يەنە بىر خىلى ھەر خىل ئېلېمېنتلاردىن ئۆرلىگەن گازلارنىڭ ھايۋانىي پاسكىنچىلىقلارنى تەلتۆكۈس رەت قىلىدىغان ئالىيجاناپ روھلارنى شەكىللەندۈرۈشىدىن پەيدا بولغان پەرىشتىلەردۇر.

يەنە بىرخىلى خىمىر تۇرۇچى پەرىشتىلەرگە يېقىن بولغان ئىنسانىي روھلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئىنساننى پەرىشتىگە ئايلاندۇرىدىغان نىجاتلىققا باـ شلىغۇچى ئەمەللەرنى قىلىۋىرىپ، جىسمانىي قاسىرىقنى تاشلاپ، پەرىشتىلەر قاتارىغا قوشۇلۇپ، پەرىشتىلەر بىلەن بىر قاتاردا سانالدى.» («ھۆججەتۇللاھىل بالىغە» 33 ـ بەت)

پەرىشتىلەرنى مۇنداق تەپسىلى، ئىنچىكە بۆلۈشكە دالالەت قىلىدىغان سەھي دەلىل يوق.

بىز پەرىشتىلەرنىڭ قاچان يارىتىلغانلىقىنى بىلمەيمىز،

اللّٰه بۇھەقتە بىزگە مەلۇمات بەرگەن ئەمەس. لېكىن بىز شۇنى ئېنىق بىلىمىزكى، پەرىشتىلەر ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن يارىتىلغان بولۇپ، اللّٰه ئۇلارغا: «يەريۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن» دېگەن. اللّٰه بۇ ھەقتە بىزگە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: مەن يەريۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن، دېدى.» (سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى ئورۇنباسار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰه پەرىشتىلەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان: «مەن ئادەمنى تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈشكەن چېغىمدا سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار!» (سۈرە ھىجر 29 ـ ئايەت)

## پەرىشتىلەرنى كۆرگىلى بولامدۇ؟

پەرىشتىلەر نازۇك نۇر جىسىم بولغاچقا، ئادەملەر ئۇلارنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە اللّٰه ئادەملەرگە پەرىشتىلەرنى كۆرۈش ئىقتىدارى بەرگەن ئەمەس. بۇ ئۈممەت ئىچىدىن پەرىشتىلەرنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا كىشى كۆرۈپ باققان ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى ئىككى قېتىم كۆرگەن. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، پەرىشتىلەر ئىنسان سۈرىتىگە كەلسە، ئىنسانلار پەرىشتىلەرنى كۆرە ـ لەيدۇ.

## 2 ـ پەرىشتىلەر گەۋدىسىنىڭ چوڭلۇقى

اللّٰه تائالا دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلار! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان،

رەھىمسىز قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار! ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا، شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.» (سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت)

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ گەۋدىسىنىڭ چوـ ڭلۇقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى پەرىشتىلىك قىياپىتىدە ئىككى قېتىم كۆرگەن. بۇ ھادىسە قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىدە خاتىرلەنگەن: «مۇھەممەد جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن روشەن ئۇپۇقنىڭ شەرقىدە كۆردى.» (سۈرە تەكۋىر 23 ـ ئايەت)

«ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن سىدرەتۇل مۇنتەھا دەرـ ىخىنىڭ يېنىدا كۆردى.» (سۈرە نەجم 13 ـ 14 ـ ئايەت)

بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىئراجغا چىققان ۋاقتىدىكى ئەھۋال ئىدى.

«سەھىي مۇسلىم» دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يۇقىرقى ئىككى ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «مەن جىبرىئىلنى پەرىشتە قىياپىتىدە پەقەت ئىككى قېتىملا كۆردۈم، مەن كۆرگىنىمدە ئۇ ئاسماندىن چۈشۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىغا لىق بىر كەلگەن ئىدى.»

ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن «ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ساڭگىلىدى» دېگەن ئايەت توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «بۇ

ئايەتتىكىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ ئادەتتە ئادەم سۈرىتىدە كېلەتتى. بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ھەقىقى سۈرىتىدە كېلىپ، ئاسمان ئۇپۇقىنى بىر ئالدى.»

«سەھي بۇخاري» دا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى سۆزلەنگەن: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئالتە يۈز قانىتى بار ھالەتتە كۆردى.»

ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەنە: «شۈبھىسىزكى ئۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى كۆردى» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇپۇقنى قاپلىغان بىر يېشىل قاناتنى كۆردى.» ئۇپۇقنى قاپلىغان بۇ يېشىل قانات جىبرىئىلنىڭ قانىتى ئىدى.

ئىبنى ھەجەر نەسەئى ۋە ھاكىم دىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله نىڭ پەيغەمبىرى جىبرىئىلنىڭ ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىغا لىق كەلگەن قانات قېقىشىنى كۆرگەن.»

ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نەسەئىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئالتە يۈز قانىتى ئۇپۇقنى قاپلىغان ھالەتتە كۆرگەن.»

«مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد» دە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى پەرىشتىلىك

قىيامەتتە كۆرگەندە، جىبرىئىلنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بار ئىدى. ھەربىر قانىتى ئۇپۇققا بىر كېلەتتى. ئۇنىڭ قانىتىدىن رەڭمۇ-رەڭ گۆھەر-ياقۇتلار تۆكۈلەتتى.»

«قۇرئان ھەقىقەتەن الله نىڭ ئىززەتلىك بىر ئەلچى ئارقىلىق نازىل قىلىنغان سۆزىدۇر. ئۇ ئەلچى كۈچلۈكتۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر، ئاسماندا ئىشەنچىلىكتۇر.» ئىبنى كەسىر جىبرىئىلنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتىكى ئىززەتلىك ئەلچى جىبرىئىلنى كۆرسىتىدۇ.»

## ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەرنىڭ چوڭلۇقى

«ئەبۇ داۋۇد» جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلىرى ئىچىدىن بىر پەرىشتە توغرىسىدا سۆزلىشىمگە رۇخسەت بېرىلدى. شۈبھىسىزكى، بۇ پەرىشتىنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارلىقى يەتتە يۈز يىللىق مۇساپىدۇر.»

«تەبەراني» ئەنەس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن سەھي ئىسناد بىلەن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر ئىچىدىن بىر پەرىشتە توغرىسىدا سۆزلىشىمگە رۇخسەت بېرىلدى. بۇ پەرىشتىنىڭ ئىككى پۇتى زېمىنىنىڭ تەھتىدە بولۇپ، مۆڭگۈزىدە ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قۇلىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئۇچارلىقلارنىڭ ئۇچۇشىدا يەتتە يۈز يىللىق

مۇساپىدۇر. بۇ پەرىشتە: ئى اﷲ! ھەر جايدا سېنى پاك دەپ ياد ئېتىمەن، دەيدۇ.»

## 1 ـ پەرىشتىلەرنىڭ جىسمانىي سۈپەتلىرى

### 1) پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلىرى

اﷲ تائالا بىزگە پەرىشتىلەرنىڭ قاناتلىرى بارلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى. پەرىشتىلەر ئىچىدە ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ۋە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قاناتلىق پەرىشتىلەر بار. «جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق ۋە تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى اﷲ قا خاستۇر. اﷲ يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ. اﷲ ھەقىقەتەن ھەرنەرسىگە قادىردۇر.» (سۈرە فاتىر 1 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى شۇكى، اﷲ پەرىشتىلەرنى قاناتلىق قىلىپ ياراتتى. پەرىشتىلەرنىڭ بەزىسى ئىككى قاناتلىق، بەزىسى ئۈچ قاناتلىق، بەزىسى تۆت قاناتلىق ۋە بەزىسى بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك قاناتلىقتۇر. يۇقىردا ئۆتكەن ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتە جىبرىئىلنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بارلىقىنى خەۋەر قىلدى.

### 2) پەرىشتىلەرنىڭ ھۆسنى ـ جامالى

اﷲ پەرىشتىلەرنى گۈزەل ،ئېسىل سۈرەتتە ياراتتى. اﷲ تائالا جىبرىئىل ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەدكە ۋەھيىنى كۈچلۈك پەرىشتە جىبرىئىل تەلىم بەردى. جىبرىئىلنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا ئۆز شەكلىدە تۇردى.» (سۈرە نەجم 5 ـ 6 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەرنى چىرايلىق، شەيتانلارنى سەت دەپ قاراش ئاللىبۇرۇن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا مۇقىملاشقان. شۇڭا ئۇلار چىرايلىق ئادەملەرنى پەرىشتىلەرگە ئوخشىتىدۇ. ئاياللار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن چېغىدا مۇنداق دېگەن: «ئۇلار يۇسۇفنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېلىشتى ۋە قوللىرىنى كېسىۋېلىشتى. ئۇلار: الله پاكتۇر، بۇ ئادىمىزات ئەمەس، پەقەت بىر ئېسىل پەرىشتىدۇر، دېيىشتى.» (سۈرە يۇسۇف 31-ئايەت)

## 3) پەرىشتىلەر بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا شەكىل جەھەتتە ئوخشاشلىق بارمۇ؟

ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ سەھىي ھەدىس كىتابىدا، تىرمىزي ئۆزىنىڭ «سۈنەن» ى دە جابىر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەر ماڭا توغرا قىلىندى. مۇسا ئەلەيھىسسالام شەنۇئە قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىدەك ئورۇق-سېمىزلىكتە ئوتتۇرا ھال ئىكەن. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇرۋەتە ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ماڭا ئوخشاپ كېتىدىكەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا قارىسام، ئۇ مەن كۆرگەن كىشىلەر ئىچىدىن دىھيەگە ئوخشاپ كېتىدىكەن.»

جىبرىئىلنىڭ ھەقىقى قىياپىتى دىھيەگە ئوخشاشمىدى؟ ياكى جىبرىئىل ئادەم سۈرىتىگە كىرگەندە ئاندىن دىھيەگە ئوخشىغانمۇ؟ «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كۆپ ۋاقىتلاردا دىھيەنىڭ سۈرىتىگە كىرەتتى» دېگەن رىۋايە-تكە قارىغاندا، جىبرىئىل پەقەت ئادەم سۈرىتىگە كىرگەندىلا

دېيىلگەن ئوخشايدۇ.

4) پەرىشتىلەرنىڭ شەكىل ۋە چوڭ-كىچىكلىكتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى

پەرىشتىلەر شەكىل ۋە چوڭ كىچىكلىكتە ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس. بەزى پەرىشتىلەرنىڭ ئىككى قانىتى بار، جىبرىئىلنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بار. ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدا پەرقلىق بولغان مۇئەييەن ئورنى بار. «بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنىمىز بار» (سۈرە ساففات 163 - ئايەت)

الله پەرىشتە جىبرىئىل ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ھەقىقەتەن الله نىڭ بىر ئىززەتلىك ئەلچى ئار-قىلىق نازىل قىلغان سۆزىدۇر. ئۇ ئەلچى كۈچلۈكتۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا ئالىي مەرتىۋىلىكتۇر.» (سۈرە تەكۋىر 19 - 20 - ئايەتلەر)

بەدرى جېڭىگە قاتناشقان پەرىشتىلەر ئۇلۇغ پەرىشتىلەر ھېسابلىنىدۇ.

«سەھىي بۇخاري» دا رىفائە ئىبنى رافىئ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارغا قانداق قارايسىلەر؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلارنى مۇسۇلما-نلارنىڭ ئۇلۇغلىرى ھېسابلايمىز، دېدى. جىبرىئىل: بەد-رى ئۇرۇشىغا قاتناشقان پەرىشتىلەرنى بىزمۇ شۇنداق ئۇلۇغ ھېسابلايمىز، دېدى.»

5) پەرىشتىلەر ئەركەك-چىشى دەپ سۈپەتلە-نمەيدۇ

بەزى ئادەملەر غەيبىي دۇنيانى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دۇنيالىق ئۆلچەملىرىگە باش ئەگدۈرمەكچى بولىدۇ. نەتىجىدە غەيبىي دۇنيالەر ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەردە ئازىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بىر سوئال تاشلىنىپ، نەچچە سېكونت ئۆتمەيلا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ جاۋاب ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن تەئەججۈپلىنىدۇ؛ ھەم: جىبرىئىل مۇشۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى سۈرئەت بىلەن كېلەلەمدۇ؟ ۋاھالەنكى، نۇر بەزى پىلانىتلارغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن نەچچە مىليون نۇر يىلىغا مۇھتاج بولىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

بۇ بىچارىلەرنىڭ ھالى ئايروپىلاننىڭ سۈرئىتىنى ئۆزىگە خاس ئۆلچەملەر بىلەن ئۆلچىمەكچى بولغان پاشىنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىشتا ياخشىراق ئويلىنىپ باقسا ئىدى، پەرىشتىلەرنىڭ بىز ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس ئۆلچەملىرى بارلىقىنى بىلگەن بولاتتى.

بۇ ساھەدە ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ ئازغان ئىدى. ئۇلار پەرىشتىلەرنى چىشى دەپ گۇمان قىلغان. ئۇلار پەرىشتىلەرنى الله نىڭ قىزلىرى دەپ دەۋا قىلىۋاتقانلىرىدا بولسا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتتىن يىراق ئاشۇ سۆزلىرى تېخىمۇ خوراپىيلاشقان ئىدى.

قۇرئان بۇ ئىككى مەسىلىدە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ شۇنى بايان قىلىدۇكى، ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ھېچقانداق دەلىلغا ئاساسلانمىغان، گەپ-سۆزلىرى قارىسىغىلا دېيىلگەن. ئەرەبلەر قىزلارنى يامان كۆرەتتى. ئۇلارغا ئاياللىرى قىز تۇغقانلىق خەۋىرى كەلسە چىرايى

قارىداپ كېتەتتى. خىجىل بولۇپ كىشىلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالاتتى. بۇ ھاماقەتلەر بەزىدە ھەددىدىن ئېشىپ، قىز بالىنى تېرىك كۆمۈۋېتەتتى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار: «الله نىڭ بالىسى بار، الله نىڭ بالىسى قىز» دەيتتى. الله نىڭ نۇرىغا باغلانمىغان كىشىلەرنىڭ كاللىلىرىدا خوراپات ئەنە شۇنداق پەيدا بولىدۇ ۋە شاخلايدۇ. بۇ خوراپاتنى ھىكايە قىلىپ، خوراپىيلارغا مۇنازىرە ئېلان قىلغان مۇنۇ ئايەتنى ئاڭلاپ بېقىڭ: «ئى مۇھەممەد! ئەھلى مەككىدىن سوراپ باققىنكى، قىزلا رەپەرۋەردىگارىڭغا، ئوغۇللار ئۇلارغا مەنسۇپمۇ؟ ياكى بىز پەرىشتىلەرنى چىشى ياراتقان بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ ياراتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ تۇرغانمۇ؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغاننى توقۇپ، «الله نىڭ بالىسى بار» دەيدۇ. ئۇلار ئەلۋەتتە يالغانچىلاردۇر. الله ئوغۇللارنى تاللىماي قىزلارنى تاللىغا ـ نمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى، قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟ پىكىر قىلمامسىلەر؟ ياكى الله نىڭ بالىسى بارلىقىغا ئېنىق پاكىتىڭلار بارمۇ؟» (سۈرە سافقات 149 ـ 156 ـ ئايەتلەر)

الله ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىنى ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشتا ئاساسى پاكىت قىلىدۇ. چۈنكى، الله ھەققدە بىلمەي تۇرۇپ سۆزلەش ئېغىر گۇناھتۇر: «ئۇلار مەرھەمەتلىك الله نىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنى قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى. الله پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا ئۇلار ئۈستىدە بارمىدى! ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى نامە ـ ئەمالىغا يېزىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ.» (سۈرە زۇخرۇپ 19 ـ ئايەت)

## 6) پەرىشتىلەر يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ

بىز يۇقىردا پەرىشتىلەرنىڭ ئەركەك ـ چىشى دەپ سۈپەتلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرستىپ ئۆتتۇق، شۇنىڭدەك يەنە ئۇلار يېمەك ـ ئىچمەككە مۇھتاج بولمايدۇ. اللە بىزگە شۇنداق مەلۇمات بېرىدۇكى، پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەـ يھىسسالامنىڭ قېشىغا ئادەم سۈرىتىدە كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا تائام ئېلىپ كەلدى. پەرىشتىلەر تائامغا قول سوزمىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسساـ لام ئۇلاردىن قورقتى. پەرىشتىلەر ئۆزىنى ئاشكارلىغاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قورقۇنجىسى ۋە ھەيرانلىقى بېسىلدى. «ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋرى يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ، سالام دېدى. ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. ئىچىدە (ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟) دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ، پىشۇرۇلغان سېمىز بىر موزاينى ئېلىپ كىرىپ: يېمەمسىلەر دېدى. ئۇلارنىڭ تاماق يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ دىلىدا ئۇلاردىن قورقتى. ئۇلار قورقمىغىن! دېدى. ئۇلار ئىبراھىمغا بىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بەردى.» (سۈرە زارىيات 24 ـ 28 ـ ئايەتلەر)

اللە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم پەرىشتىلەرنىڭ كاۋاپقا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى خۇش كۆرمىدى. ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى. ئۇلار: قورقمىغىن! بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق، دېدى.» (سۈرە ھۇد 70 ئايەت)

سۆيۈتى پەخرۇررازىيدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «ئۆ-لىمالار بىردەك مۇنداق قارايدۇ: پەرىشتىلەر يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، نىكاھلانمايدۇ.»

### 7) پەرىشتىلەر زېرىكمەيدۇ ۋە چارچىمايدۇ

پەرىشتىلەر ھارماي-تالماي اللّٰه قا تائەت-ئىبادەت قىلىدۇ. اللّٰه نىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىدۇ. اللّٰه تائالا پەر-ىشتىلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار كېچە-كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ.» (سۈرە ئەنبىيا 20-ئايەت)

اللّٰه يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگار-ىڭنىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر كېچە-كۈندۈز اللّٰه قا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار زېرىكمەيدۇ.» (سۈرە فۇسسىلەت 28-ئايەت)

سۆيۈتى يۇقىرقى ئايەتتىكى «بوشاشمايدۇ» دېگەن سۆزنى پەرىشتىلەرنىڭ ئۇخلىمايدىغانلىقىغا دەلىل قىلىپ، پەخرۇررازىينىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ.

### 8) پەرىشتىلەرنىڭ تۇرار جايلىرى

پەرىشتىلەرنىڭ تۇرار جايى ئاسماندىدۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه نىڭ كاتتىلىقىدىن ئاسمانلار يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاسلا قالىدۇ، پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ. يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ.» (سۈرە شۇرا 5-ئايەت)

اللّٰه تائالا پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ دەرگاھىدا دەپ تونۇشتۇرىدۇ: «ئەگەر كۇپپارلار چوڭچىلىق قىلىپ، اللّٰه قا سەجدە قىلىشتىن باش تارتسا، پەرۋەردىگارىڭنىڭ

دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر كېچە ـ كۈندۈز اللە قا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇلار زېرىكمەيدۇ.» (سۈرە فۇسسىلەت 37 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر زېمىنغا اللە نىڭ تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چۈشىدۇ: «بىز پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ پەرمانى بىلەنلا زېمىنغا چۈشىمىز» (سۈرە مەريەم 64 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر قەدرى كېچىسىگە ئوخشاش ئالاھىدە ئەھۋاللاردا كۆپ چۈشىدۇ: «قەدرى كېچىسى مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر، پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن زېمىنغا تەقدىر قىلىنغان بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ.» (سۈرە قەدەر 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر)

**9) پەرىشتىلەرنىڭ سانى**

پەرىشتىلەرنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى ياراتقان اللە تىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. «پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىنى پەقەت پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ.» (سۈرە مۇددەسسىر 31 ـ ئايەت)

ئۇلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىئراجغا چىقىپ، بەيتۇل مەئمۇرغا يېتىپ بېرىپ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسا ـ لامدىن بەيتۇل مەئمۇر توغرىسىدا سورىغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن جاۋابىغا قۇلاق سال: «بۇ، بەيتۇل مەئمۇردۇر. بۇ بەيتتە ھەر كۈنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە ناماز ئوقۇيدۇ. بىر قېتىم ناماز ئوقۇغان پەرىشتىلەرگە ئىككىنچى قېتىم نۆۋەت تەگمەيدۇ.»

(بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

«سەھىي مۇسلىم» دا ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن كۈنىسىدە جەھەننەمنىڭ يەتمىش مىڭ تىزگىنى بولىدۇ. ھەربىر تىزگىنىدىن يەتمىش مىڭ پەرىشتە تۇتۇپ جەھەننەمنى سۆرەيدۇ. » مۇشۇ سان بويىچە بولغاندا، قىيامەت كۈنى جەھەننەمنى 49مىليۇن پەرىشتە ئېلىپ كېلىدۇ.

سەن ئىنسانغا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ھەققىدىكى نەسلەرنى ئويلىنىپ كۆرسەڭ، ئۇلارنىڭ نەقەدەر كۆپلىكىنى بىلەلەيسەن. ئىسپېرمىغا مۇئەككەل بىر پەرىشتە بار. ھەر بىر ئىنساننىڭ نامە-ئەمالىنى خاتىرلە- يدىغان ئىككى پەرىشتە بار. ھەر بىر ئىنساننى قوغدايدىغان پەرىشتىلەر، ئىنساننى توغرا يولغا باشلايدىغان پەرىشتىلەر ھەم بار.

10) پەرىشتىلەرنىڭ ئىسىملىرى

پەرىشتىلەرنىڭ ئىسىملىرى بەك كۆپ بولۇپ، بىز ناھايىتى ئاز پەرىشتىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىلا بىلەلەيمىز. ئايەتتە ئىسمى سۆزلەنگەن پەرىشتىلەر تۆۋەندىكىچە:

1، 2- جىبرىئىل ۋە مىيكائىل:

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىيكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، الله نى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ.» (سۈرە بەقەرە 98-ئايەت)

3- ئىسراپىل:

پەرىشتىلەر ئىچىدە سۈر چالىدىغان ئىسراپىل ئاتلىق بىر

پەرىشتە بار. جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسراپىل دېگەن بۇ پەرىشتىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىك نامىز ـ نى باشلاش دۇئاسىدا تىلغا ئالىدۇ: «جىبرىئىل، مىكا ـ ئىل ۋە ئىسراپىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاسمان ـ زېمىننى يارا ـ تقۇچى، غەيبنى ۋە ھازىرنى بىلگۈچى اللہ! سەن بەندىلىر ـ ىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن. مېنى ئىختىلاپ قىلىنىۋاتقان ھەقىقەتكە ئىزنىڭ بىلەن ھىدايەت قىلغىن! شۈبھىسىز ـ كى، سەن خالىغان بەندىلىرىڭنى توغرا يولغا سالىسەن.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

4 ـ مالىك:

بۇ، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىدۇر: «كۇپپارلار دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىگە: ئى مالىك! پەرۋەردىگا ـ رىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن، دەپ توۋلايدۇ. مالىك: سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر، دەيدۇ.» (سۈرە زۇخرۇپ 77 ـ ئايەت)

5 ـ رىزۋان:

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتە بولۇپ، بەزى ھەدىسلەردە بۇ پەرىشتىنىڭ نامى ئوچۇق تىلغا ئېلىنغان.» (ئەل بىدايە ۋە نىھايە 1 ـ جىلد 53 ـ بەت)

6، 7 ـ مۇنكىر ۋە نەكىر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە، بۇ ئىككىسى قەبرىدىكى سوئال ـ سوراققا مۇئەككەل دەپ كۆپ سۆزلىنىدۇ.

8، 9 ـ ھارۇت، مارۇت:

ﷲ تائالا، بۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇلايمان كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت، مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى. بۇ ئىككى پەرىشتە: بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى.» (سۈرە بەقەرە 102 ـ ئايەت)

ئايەتنىڭ سىياقىدىن مەلۇم بولىشىچە، ﷲ بۇ ئىككى پەرىشتىنى مەلۇم بىرمەزگىلدە كىشىلەرگە سىناق قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ ئىككى پەرىشتە توغرىسىدا تەپسىر ۋە تارىخ كىتابلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئەپسانىلار توقۇلغان بولۇپ، بۇ ئەپسانىلارنىڭ ھېچقايسىسى قۇرئان ھەدىستا ئىسپاتلانمىغان. شۇڭا بۇ ئىككى پەرىشتە مەسىلىسىدە مەزكۇر ئايەت كەرىمنىڭ مەزمۇنىغا كۇپايىلىنىش كېرەك.

10 ـ ئەزرائىل:

بەزى ئەسەرلەردە، ئۆلۈم پەرىشتىسى ئەزرائىل دەپ ئاتالغان. ئەمما قۇرئان ۋە سەھىي ھەدىسلەردە مۇنداق نام تىلغا ئېلىنمىغان.

11 ـ بەزى ئۆلىمالار تۆۋەندىكى ئايەتنى دەلىل قىلىپ، رەقىب ۋە ئەتىيد ناملىق ئىككى پەرىشتە بار دەيدۇ: «ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار. ئىنساننىڭ سۆز ھەرىكىتى خاتىرلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان رەقىب ۋە ئەتىيد بار.» (سۈرە قاف 17 ـ 18 ـ ئايەت) ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى توغرا

ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئايەتتىكى رەقىب ۋە ئەتىد پەرىشتىلەرنىڭ نامى بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ نامە ـ ئەماللىنى خاتىرلەيدىغان ئىككى پەرىشتىنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ھازىر بولغۇچى، كۆزىتىپ تۇرغۇچى دېگەن مەنىدە.

### 11) پەرىشتىلەرنىڭ ئۆلىدىغانلىقى

پەرىشتىلەر ئادەملەر ۋەجىنلار ئۆلگەندەك ئۆلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق مەلۇمات بېرىلگەن: «سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلاردىن اللّٰه خالىغاندىن باشقا ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئاندىن سۇر ئىككىنجى قېتىم چېلىنغاندا، ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ، نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا قاراپ تۇرىدۇ.» (سۇرە زۇمەر 68 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر ئاسماندا بولغىنى ئۈچۈن، مەزكۇر ئايە ـ تنىڭ تەھتىگە داخىل بولىدۇ. ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «سۇر چېلىنغاندا ئاسمان ـ زېمىندىكى جانلىقلار ئىچىدىن اللّٰه خالىغاندىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. سۇر توغرىسىكى مەشھۇر ھەدىستە بۇ ئوچۇق دېيىلگەن. ئاندىن كېيىن، بۇ قېتىم ئۆلمەي قالغانلارنىڭ جېنى ئېلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈم پەرىشتىسى ئۆلىدۇ. تىرىك، ئىدارە قىلغۇچى اللّٰه يالغۇز قالىدۇ. ئەزەلدە يالغۇز بولغان اللّٰه ئاخىرىدا يەنە يالغۇز قالىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن كۈندە ئىگىلىك ھوقۇقى كىمگە مەنسۇپ؟» ئاندىن اللّٰه بۇ سوئالغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ: «غالىب اللّٰه قا خاستۇر» دەيدۇ.

«اللە تىن باشقا ھەممە نەرسە ئۆلىدۇ» دېگەن ئايەتمۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئۆلىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ.

سۇر چېلىنىشىدىن بۇرۇنمۇ پەرىشتىلەر ئۆلەمدۇ؟ بۇ ھەقتە بىزنىڭ مەلۇماتىمىز يوق. بۇنى ئىسپاتلايدىغان ياكى يوققا چىقىرىدىغان نەس بولمىغىنى ئۈچۈن بىز بىر نەرسە دېيەلمەيمىز.

## ئىككىنجى پاراگراف پەرىشتىلەرنىڭ

## ئەخلاقىي سۈپەتلىرى

### ياخشى ۋە ھۆرمەتلىك بولۇش

پەرىشتىلەر اللە نىڭ پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى بولغانلىقى تۈپەيلى، اللە ئۇلارنى ياخشى ۋە ھۆرمەتلىك دەپ سۈپەتلىدى: «قۇرئان ئايەتلىرى ھۆر-

مەتلىك ياخشى پەرىشتە پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدىدۇر.»
(سۈرە ئەبەسە 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر)

الله قۇرئاننى پۈتكەن پەرىشتىلەرنى تەبىئىتى ئىسىل، ئەخلاقى پاكىزە، ھۆرمەتكە سازاۋەر پەرىشتە دەپ تونۇ ـ شتۇردى. شۇڭا قۇرئان ئۆگەنگەن كىشىلەرمۇ سۆز ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئاشۇ پەرىشتىلەردەك پاكىزە بولۇشى كېرەك. بۇخاري ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇغان كىشى ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. قۇرئاننى ھەجىلەپ تەستە ئوقۇغان كىشى ئىككى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.»

## ھايالىق بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە پەرىشتىلەرنىڭ ھايا ـ لىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. «سەھي مۇسلىم» دا ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ ھوجرىسىدا پاچىقىنى ئوچۇق قويۇپ يېنىچە ياتقان ئىدى. ئەبۇ بەكرى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئىزنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھالەتتە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىزنى بەردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئاندىن كېيىن ئۆمەر(الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئىزنى سورىدى، ئۆمەرگىمۇ شۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئىزنى بەردى ۋە سۆزلەشتى. ئاندىن كېيىن ئوسمان (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئىزنى سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان (الله ئۇنىڭدىن رازى

بولسۇن) كىرگىچە تۇز ئولتۇرۇپ، كىيىمنى ئوڭشاپ، ئوسمان (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىلەن سۆزلەشتى. ئوسمان چىقىپ كەتكەندە، ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېدى: «ئەبۇ بەكرى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) كىردى، ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدىڭ؛ ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) كىردى ئۇنىڭغىمۇ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدىڭ؛ ئوسمان (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) كىرگەندە بولسا، تۇز ئولتۇرۇپ، كىيىملىرىڭنى تۈزەشتۈردىڭغۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرىشتىلەر ھايا قىلغان كىشىدىن مەن ھايا قىلمايمەنمۇ؟» دېدى جاۋاب بېرىپ.

## ئۈچىنچى پاراگراف پەرىشتىلەرنىڭ ئىقتىدارى

### 1 ـ شەكىل ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى

الله پەرىشتىلەرگە شەكىل ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى ئاتا قىلغان. الله جىبرىئىلنى مەريەمنىڭ قېشىغا ئادەم سۈرىتىدە ئەۋەتكەن: «قۇرئاندا مەريەم قىسسىسنى بايان قىلغىن! ئەينى زاماندا ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، شەرق تەرەپتىكى

بىر جايغا باردى. ئۇ پەردە تارتىپ كىشىلەر- دىن يۇشۇرۇندى. ئۇنىڭغا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتۇق. ئۇ، مەريەمگە بىجىرىم ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈندى.» (سۈرە مەريەم 16-17- ئايەت)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن پەر- ىشتىلەرمۇ ئادەم سۈرىتىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنى ئاشكارلىمىغىچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي قالغان. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر يۇقىردا سۆزلەندى.

پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چىرايلىق يىگىتلەر سۈرىتىدە كەلدى. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بەچچىۋازلىقتىن ئىبارەت ناچار قىلىقتا ئۆگىنىپ قالغانلار بولغاچقا، لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ پەرىشتىلەرگە چېقىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تەڭقىس- لىقتا قالدى: «بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇلار توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى ۋە: بۇ بىر دىشۋار كۈندۇر، دېدى.» (سۈرە ھۇد 77-ئايەت)

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «الله لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى نەق پاكىت بىلەن جازالاش ئۈچۈن، پەرىشتىلەرنى ئۇلارغاچىرايلىق يىگىتلەر سۈرىتىدە كۆرۈنۈشكە بۇيرۇغان.» جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھەرخىل سۈرەتلەردە كېلەتتى. بىر قېتىم دىھيەتۇلكەلبىي (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) (چىرايلىق ساھابە ئىدى) نىڭ سۈرىتىدە كەلسە، يەنە بىر قېتىم ئەئرابىينىڭ سۈرىتىدە كېلەتتى. جىبرىئىلنىڭ ئادەم

سۈرىتىدە كەلگەنلىكىنى نۇرغۇن ساھابىلەر كۆرگەن.
بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ نىڭ ھوزۇرىدا ئىدۇق. شۇ ئەسنادا كىيىمى ناھايىتى ئاق، چېچى بەكمۇ قارا بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم سەپەردىن كەلگەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئارىمىزدىن ھېچ كىشىمۇ تونۇ ـ مايتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، تىزىنى رەسۇلۇللاھ نىڭ تىزىغا يۆلەپ، ئالقىنىنى رەسۇلۇللاھ نىڭ يوتىسىغا قويۇپ ئولتۇردى ۋە مۇنداق دېدى: «ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلام توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگىن!...»
بۇ ھەدىستە مەزكۇر كىشى ئىمان، ئېھسان، قىيامەت ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا سوئال سورىغان. بۇ كىشى كېتىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلە ـ يھىسسالام سوئال سورىغۇچىنىڭ جىبرىئىل ئىكەنلىكىنى، ساھابىلەرگە دىن ئۆگىتىپ قويغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتقان.
ئائىشە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىھيەتۇلكەلبىينىڭ ئېتىنىڭ يايلىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمە دېيىشكە ـ نلىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ جىبرىئىل، ئۇ ساڭا سالام دەيدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تەۋبە قىلىشقا كېتىۋاتقاندا، تەڭ يولدا ئۆلۈپ كېتىپ، رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرىنىڭ بۇ كىشىنى تالاشقانلىقى ۋە ئادەم

سۈرىتىدە كەلگەن بىر پەرىشتىنىڭ دەتالاشنى ھەل قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر پەرىشتە ئادەم سۈرىتىدە كەلدى. ئۇلار ئۇ پەرىشتىنى ئايرىپ قويغۇچى قىلدى. ئۇ پەرىشتە مۇنداق دېدى: ئىككى جاينىڭ ئوتتۇرىسىنى ئۆلچەپ بېقىڭلار! قايسى تەرەپكە يېقىن بولسا، ئۇ شۇ تەرەپكە تەۋە بولسۇن.»

اللہ بەنى ئىسرائىل ئىچىدىن سىناپ كۆرگەن ئاق كېسەل، تاز ۋە قارىغۇنىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەيدىغان ھەدىستە پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم سۈرىتىگە كىرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەدىسنى كېيىن سۆزلەيمىز.

بەزى ئەھلى ئىلىملار پەرىشتىلەرنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىش خۇسۇسىيەتلىرىنى نوقۇل ئەقلىي نەزەرىيىلەر بىلەن چۈشەندۈرمەكچى بولۇشۇپ، بىرمۇنچە قۇرۇق گەپلەرنى قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ غەيبىي مەسىلىدە گەپ قىلمەن دەپ ئاۋارە بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. اللہ بىزگە پەرىشتىلەرنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قانداق ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر توختىغان يەردە توختىغان بولسا بولاتتى. بۇ تېمىدا سۆزلىگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى كۆرۈپ باققۇڭىز بولسا، سۇيۇتىينىڭ «پەرىشتىلەر ھەققىدىكى خەۋەرلەر» ناملىق كىتابىغا قاراڭ!

### 2 ـ سۈرئەتنىڭ بەك تېزلىكى

ئىنسانلارغا مەلۇم بولغان ئەڭ تېز سۈرئەت نۇرنىڭ سۈرئىتىدۇر. نۇر سېكونتىغا **186**مىڭ مىل سۈرئەت بىلەن ماڭىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ سۈرئىتى بۇنىڭدىنمۇ تېز. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سوراپ پارىغ

بولغۇچە، جىبرىئىل غالىب ﷲ نىڭ دەرگاھىدىن جاۋاب ئېلىپ كېلىپ بولالتتى. بۇ كۈنلەردە نۇر تېزلىكىدە ماڭالايدىغان ئالەم كېمىلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ كېمىلەرنىڭ مۇشۇ كەڭ كائىناتنىڭ ئۇپۇقىدىكى بەزى پىلانىتلارغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن مىليارد نۇر يىلى كېتىدۇ.

### 3 ـ بىلىمدانلىقى

پەرىشتىلەر ناھايىتى بىلىملىك بولۇپ، ﷲ ئۇلارغا نۇرغۇن ئىلىمنى بىلدۈرگەن. ئەمما ئۇلاردا ئىنسانغا بېرىلگەن ئىزدىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىقتىدارى يوق. «ﷲ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: راستچىل بولساڭلار بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار! دېدى. پەرىشتىلەر: سېنى پاك دەپ تونۇيمىز، بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن، دېدى.» (سۈرە بەقەرە 31 ـ 32 ـ ئايەت)

ئىنسانىيەت ئىزدىنىش ۋە كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىنى بايقاش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئەمما پەرىشتىلەر بىلىمنى ﷲ تائالادىن بىۋاستە ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ﷲ نىڭ پەرىشتىلەرگە بىلدۈرگەنلىرى ئىنساننىڭ بىلىدىغانلىرىدىن كۆپتۇر. مەسىلەن: ئۇلارغا نامە ـ ئەمالنى خاتىرىلەش ئىقتىدارى بېرىلگەن: «ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ، ئۇلار

قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.» (سۈرە ئىنفىتار 10 ـ 12 ـ ئايەتلەر)

بۇ مەسىلە «ئىنسان ۋە پەرىشتە» دېگەن پاراگرافتا تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇلىدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ مۇنازىرىلىشىدىغانلىقى

پەرىشتىلەر اللە نىڭ ۋەھيىسىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۆز ـ ئارا بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىدۇ. «سۈنەنى تىرمىزي»، «مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد» دە ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چۈشۈمدە پەرۋەردىگارىمنىڭ ناھايىتى چىرايلىق سۈرەتتە كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ ئېيتتى: «ئى مۇھەممەد! پەرىشتىلەرنىڭ نېمە توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟» مەن: ياق، دېدىم. اللە قولىنى ئىككى مۈرەم ئوتتۇرىسىغا قويدى. ھەتتاكى اللە نىڭ قولىدىن تارقالغان سوغۇقلۇق مەيدەمگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاسمان ـ زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلدىم. اللە يەنە ئېيتتى: «ئى مۇھەممەد! پەرىشتىلەرنىڭ نېمە توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟» مەن: ھەئە، كاپپارەتلەر، دەرىجىلەر توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىۋاتىدۇ. نامازدىن كېيىن مەسجىدلەردە تۇرۇش، جامائەت نامىزىغا پىيادە مېڭىپ بېرىش، قىيىن شارائىتتا تاھارەتنى كامىل ئېلىش گۇناھلارغا كاپپارەتتۇر. سالامنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاچلارنى تويغۇزۇش، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا كېچىسى ناماز ئوقۇش دەرىجىلەرنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، دېدىم. اللە ئېيتتى: «راست ئېيتتىڭ،

شۇنداق قىلغانلار كۆڭۈللۈك ياشايدۇ، دۇنيادىن ياخشىلىق بىلەن كېتىدۇ، ئانىسىدىن تۇغما پاك بولىدۇ. ئى مۇھەممەد! ناماز ئوقۇغىنىڭدا مۇنداق دۇئا قىلغىن: ئى ئاللاھ! ياخشى ـ لىقلارنى قىلىشنى، يامانلىقلارنى تەرك ئېتىشنى، كەمبەغەللەرنى ياخشى كۆرۈشنى، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى، ماڭا رەھمە قىلىشىڭنى تەۋبەمنى قوبۇل قىلىشىڭنى سورايمەن. بەندىلىرىڭگە ئازغۇنلۇق ئەۋەتمەكچى بولساڭ، مېنى ئېزىپ كەتمەس چىغىمدا قەبزى روھ قىلغىن!.»

## 4 ـ ئىنتىزامچانلىقى

پەرىشتىلەر ئىبادەتتە ناھايىتى ئىنتىزامچاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بۇ جەھەتتە ئۇلارغا ئەگىشىشكە قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا سەپ تۈزگەندەك سەپ تۈزمەمسىلەر!» پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا قانداق سەپ تۈزىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئاۋۋالقى سەپنى تولۇقلايدۇ، سەپتە ھىم تۇرىدۇ.»

پەرىشتىلەر قىيامەت كۈنى رەتلىك سەپ تۈزۈپ كېلىدۇ. «پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا،» (سۈرە فەجرى 22 ـ ئايەت)

«جىبرىئىل ۋە پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېھرىبان ئاللاھ نىڭ ئىزنىگە ئېرىشكەن ۋە توغرا سۆزنى قىلغانلاردىن باشقا ھېچ كىشىنىڭ سۆز قىلىشقا بولمايدۇ.» (سۈرە نەبەئ 38 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر ئىلاھىي پەرمانلارنى ئىجرا قىلىشتا ناھايىتى ئىنتىزامچاندۇر. «سەھىي مۇسلىم» ۋە «مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد» دە ئەنەس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، دەرۋازىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىمەن. مۇئەككەل پەرىشتە: «كىم سەن؟» دەيدۇ. مەن: مۇھەممەد، دەيمەن. مۇئەككەل پەرىشتە: سەن كېلىشتىن بۇرۇن ھېچكىمگە دەرۋازىنى ئاچماسلىققا بۇيرۇلغان ئىدىم، دەيدۇ.»

ئىسرا ھەدىسىدە بايان قىلىنىشچە، جىبرىئىل ئاسمان دەرۋازىسىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلغاندا، مۇئەككەل پەرىشتە ئەھۋالنى ئىنچىكىلەپ ئىنىقلىغاندىن كېيىن ئاندىن دەرۋازىنى ئاچىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ پەرىشتىلەرنىڭ بۇيرۇق ئىجرا قىلىشتا نەقەدەر ئىنتىزامچان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 5 ــ پەرىشتىلەرنىڭ گۇناھ قىلىشتىن خالىيلىقى

سۇيۇتىي قازىي ئىيازدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «مۇسۇ ــ لمانلار بىردەك پەرىشتىلەرنى پەزىلەتلىك موئمىنلار دەپ قارايدۇ. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك قارىشىچە: ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەرىشتىلەر گۇناھتىن خالىي بولۇشتا، يەتكۈزۈش ۋە باشقا ھوقۇقلاردا پەيغەمبەرلەرگە تامامەن ئوخشايدۇ.

ئىسلام ئۆلىمالىرى ئەلچى قىلىنمىغان پەرىشتىلەر ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلاردا بولدى. بىر بۆلۈك ئالىملار تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ، پەرىشتىلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھتىن خالىي دەپ قارىدى. «ئى موئمىنلار! ئۆزەڭلارنى

ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار! ئۇ پەرىشتىلەر اللە نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.» (سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت)

«پەرىشتىلەر ئېيتىدۇ: «بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ مۇئەييەن ئورنى بار. بىز ھەقىقەتەن ئىبادەتتە سەپ تارتىپ تۇرغۇچىلارمىز. بىز ھەقىقەتەن اللە قا تەسبىھ ئېيتقۇچىلارمىز.» (سۈرە سافغات 164 ـ 166 ـ ئايەتلەر)

«اللە نىڭ دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەر اللە نىڭ ئىباد ـ ىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە تەكە ـ ببۇرلۇق قىلمايدۇ.» (سۈرە ئەنبىيا 19 ـ ئايەت)

يەنە بىر بۆلۈك ئالىملار پەرىشتىلەر ئىچىدىكى ئەلچى قىلىنغانلار ۋە اللە قا يېقىن پەرىشتىلەرلا گۇناھتىن خالىي، قالغانلىرى گۇناھتىن خالىي ئەمەس دەپ قاراپ، ھارۇت، مارۇتنىڭ ۋە ئىبلىسنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى دەلىل قىلدى. توغرا كۆز قاراش شۇكى، پەرىشتىلەر بىردەك گۇناھتىن خالىي. ئۇلار دەرىجىسىنى يوق قىلىۋېتىدىغان ياكى تۆۋەنلەشتۈرۈۋ ـ ىتىدىغان قىلىقلارنى زادى قىلمايدۇ. ھارۇت، مارۇت ۋەقەلىكىگە كەلسەك: بۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقى ھەققىدە رەسۇلۇللە تىن رىۋايەت قىلىنغان ھېچقانداق ھەدىس يوق.

ئىبلىسنىڭ ۋەقەلىكىگە كەلسەك: كۆپىنچە ئالىملارنىڭ قارىشىچە ئىبلىس پەرىشتە ئەمەس. بەلكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى بولغاندەك، ئۇ جىنلارنىڭ ئاتىسىدۇر.»

سەپەۋي ئەرنەۋي بۇ مەسلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۇيۇتىينىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرىشتىلەر بىردەك گۇناھتىن خالي. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ الله ئۇلارنى : « بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ»، « الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ»، دەپ سۈپەتلىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلار الله توسقان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ.

2 ـ الله تائالانىڭ پەرىشتىلەر ھەققىدىكى: «پەرىشتىلەر كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ» دېگەن سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ ھەرۋاقىت ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەرۋاقىت ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان ئىكەن، گۇناھ قىلمايدۇ.

3 ـ الله پەرىشتىلەرنى: «الله نىڭ ئەلچىلىرى» قىلدى. الله نىڭ ئەلچىلىرى گۇناھتىن خالي بولىدۇ.»

# ئىككىنجى بۆلۈم

## پەرىشتىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىدىغانلىقى

### پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى

پەرىشتىلەر الله قا ئىتائەت قىلىش خاراكتېرى بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئاسىيلىق قىلىش ئىقتىدارى يوق: «ئۇلار الله نىڭ ئەمرىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى قىلىدۇ.» (سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت)

دېمەك، ئۇلار گۇناھنى تەرك ئېتىش، تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتا نەپسى ـ خاھىشىنىڭ ئىزىقتۇرىشىغا ئۇچرىمىغا ـ نلىقتىن ھېچقانچە جاپا تارتمايدۇ. بۇنىڭغا قاراپ بىر

بۆلۇك ئۆلىمالار: «پەرىشتىلەر مۇكەللەپ (ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىشكە تەكلىپ قىلىنغۇچى) ئەمەس. ئۇلار جەننەت ھەققىدىكى بىشارەت ۋە دوزاخ ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار تەھتىگە داخىل ئەمەس» دېگەن بولسا كېرەك. توغرا، پەرىشتىلەر ئادىمىزات تەكلىپ قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئۆزئەيىنىگە تەكلىپ قىلىنغان ئەمەس. بىراق، پەرىشتىلەر ھېچنەرسىگە تەكلىپ قىلىنمىغان دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا ۋە اللە تىن قورقۇشقا بۇيرۇلغان. بۇ تەكلىپ بولماي نېمە؟ «پەرىشتىلەر ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى قىلىدۇ.» (سۈرە نەھلى 50 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەرنىڭ ئورنى

پەرىشتىلەر اللە تائالانىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. بىز يۇقىردا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇقكى، مۇشرىكلارنىڭ «پەرىشتىلەر اللە نىڭ قىزلىرى» دېگەن دەۋاسى قىلچە توغرا بولمىغان خاتا دەۋادۇر. اللە قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە پەرىشتىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئورنىنى بايان قىلىپ، بۇ سۆزنى قىلغۇچىلارنى يالغانغا چىقىرىدۇ: «مۇشرىكلار اللە نىڭ پەرىشتىلەردىن بالىسى بار دېيىشتى. ئۇنداق ئەمەس، اللە بۇنىڭدىن پاكتۇر. پەرىشتىلەر اللە نىڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار اللە قا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئۇلار اللە نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. اللە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار اللە رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ. اللە نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن كىمكى: مەن اللە تىن باشقا

ئىلاھەمەن دەيدىكەن، ئۇنى دوزاخ بىلەن جازالايمىز. زالىملارنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.» (سۈرە ئەنبىيا 26 ـ 29 ـ ئايەتلەر)

پەرىشتىلەر بەندىچىلىكنى كامىل بىجا كەلتۈرىدىغانلار بولۇپ، ھەرقانداق ئىشتا اللە نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. اللە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ناۋادا بىرەرسى ھەددىدىن ئاشماقچى بولىدىكەن، اللە نىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار اللە نىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەيدۇ. اللە قا ئىتىراز يەتكۈزمەيدۇ. ماڭسىمۇ، تۇرسىمۇ اللە نىڭ ئەمرى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. «سەھي بۇخاري» دا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلغا: بىزنى كۆپرەك زىيارەت قىلمامسەن؟ دېگەندە، مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان: «بىز زېمىنغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىمىز. بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر، پەرۋەردىگارىڭ ئۇنتۇمايدۇ.» (سۈرە مەريەم 64 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەرنىڭ ئىبادىتىدىن بىرقانچە مىسال:

پەرىشتىلەر اللە نىڭ تائەت ـ ئىبادىتىگە تەكلىپ قىلىنغان بەندىلىرى بولۇپ، ئۇلار تائەت ـ ئىبادەتنى ناھايىتى ئوڭايلا بىجا كەلتۈرىدۇ. بىز بۇ جايدا پەرىشتىلەرنىڭ قۇرئان، ھەدىستە بايان قىلىنغان بەزى ئىبادەتلىرىنى كەلتۈرىمىز.

1 ـ تەسبىھ ئېيتىش

پەرىشتىلەر اللە تائالانى ياد ئېتىدۇ. ياد ئېتىشنىڭ چوڭ

بىر مەزمۇنى تەسبىھ ئېيتىشتۇر. ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەرمۇ ۋە باشقا پەرىشتىلەرمۇ اللە قا تەسبىھ ئېيتىدۇ. «ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ.» (سۈرە غاپىر 7 ـ ئايەت)

«پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ.» (سۈرە شۇرا 5 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر اللە قا كېچە ـ كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي تەسبىھ ئېيتىدۇ. «پەرىشتىلەر كېچە ـ كۈندۈز اللە قا تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشىشىپ قالمايدۇ.» (سۈرە ئەنبىيا 20 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر ناھايىتى كۆپ تەسبىھ ئېيتقاچقا، ئۇلارنىڭ: «بىز ئىبادەتتە سەپ تۈزۈپ تۇرغۇچىلارمىز، تەسبىھ ئېيتقۇچىلارمىز» دەپ ئېيتىشلىرىنىشى ھەقلىقتۇر.

تەسبىھ اللە نى ياد ئېتىشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بىر تۈرى بولغاچقا، پەرىشتىلەر كۆپ تەسبىھ ئېيتىدۇ. مۇسلىم ئەبۇ زەر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا ـ لامدىن اللە نى ياد ئېتىشتە قايسى سۆز ئەڭ ئەۋزەل؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: اللە پەرىشتىلەرگە تاللاپ بەرگەن «اللە نى پاك دەپ ياد ئېتىمەن، اللە قا ھەمدى ئېيتىمەن» دېگەن سۆز ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

## 2 ـ سەپ تۈزۈپ تۇرۇش

پەرىشتىلەرنىڭ سەپ تۈزۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ھەدىس يۇقىردا

سۆزلىنىپ ئۆتتى. قۇرئاندىمۇ پەرىشتىلەرنىڭ سەپ تۈزۈپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە «بىز سەپ تۈزۈپ تۇرغۇچىلار-مىز» دېيىلگەن. پەرىشتىلەر سەپ تۈزۈپ قىيام قىلىدۇ، رۇكۇ قىلىدۇ ۋە سەجدە قىلىدۇ. تاھاۋىي «مۇشكىلىل ئاسار» دا، تەبەرانىي «مۇئجەمىل كەبىر» دا ھەكىم ئىبنى ھىزامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر ئىچىدە تۇراتتى. شۇئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: مەن ئاڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ ساھا- بىلەر ئېيتتى: بىز ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلىمايۋاتىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: مەن ئاسماننىڭ غىچىر- لىغان ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ئاسمان غىچىرلىسا ئەيىب ئالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئاسماننىڭ ھەربىر غېرىچ يېرىدە بىردىن سەجدە قىلىۋاتقان ياكى قىيام قىلىۋاتقان پەرىشتە بار.»

3- ھەج قىلىش

پەرىشتىلەرنىڭ يەتتىنچى ئاسماندا بىر كەئبىسى بار بولۇپ، ئۇلار شۇ كەئبىگە ھەج قىلغىلى كېلىدۇ. بۇ كەئبە بەيتۇلمەئمۇر دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، الله سۈرە تۇردا شۇ كەئبە بىلەن قەسەم قىلغان: «بەيتۇل مەئمۇر بىلەن قەسەم قىلىمەن» (سۈرە تۇر 4- ئايەت)

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇخارىي» ۋە «مۇسلىم» دا شۇنداق باركى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا كېچىسىدە يەتتىنچى ئاسماندىن ئۆتكەندىن كېيىن، بەيتۇل مەئمۇرغا كۆتۈرۈلگەن. بەيتۇل مەئمۇرغا ھەركۈنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە كىر- ىدۇ. بىر كىرگەنلەرگە ئىككىنچى قېتىم كىرىش نۆۋىتى كەلمەيدۇ.

بەيتۇلمەئمۇر يەتتىنجى ئاسماندىكىلەرنىڭ كەئبىسى بولۇپ، ئۇلار زېمىندىكىلەر بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغاندەك ئۇز كەئبىسىنى تاۋاپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىندىكى كەئبىنى بىنا قىلغانلىقىغا مۇكاپات بېرىش ئۈچۈن اللە ئۇنىڭغا بەيتۇل مەئمۇرغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشنى نىسىپ قىلغان.»

ئىبنى كەسىرنىڭ ئېيتىشچە: «بەيتۇل مەئمۇر بەيتۇللا نىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ناۋادا ئۇ چۈشۈپ كەتكىدەك بولسا، بەيتۇللانىڭ ئۈستىگىلا چۈشىدۇ. ھەربىر ئاسماندىكىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئايرىم ئۆيى بار. بىرىنچى ئاسماندىكىلەر ـ نىڭ ئۆيى «بەيتۇل ئىززەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىبنى كەسىرنىڭ «بەيتۇل مەئمۇر كەئبىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ» دېگەن سۆزى ئەلىي (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم ئەلىيدىن بەيتۇلمەئمۇر دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. ئەلىي مۇنداق دېدى: بۇ، ئاسماندىكى بىر ئۆي بولۇپ، بەيتۇللانىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۆي ئاسماندا بەيتۇللا زېمىندا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغاندەك ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئۇ ئۆيگە ھەركۈنى يەتمىشمىڭ پەرىشتە كىرىدۇ، بىر كىرگەنلەر ئىككىنجى كىرمەيدۇ.»

ناسىرۇددىين ئەلبانىي قەتادە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىس ئارقىلىق بۇ قاراشنى دەلىللەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلە ـ يھسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىگە: بەيتۇلمەئمۇر دېگەن نېمە؟ بىلەمسىلەر دېدى. ساھابىلەر: اللە ۋە اللە نىڭ

پەيغەمبىرى ئەڭ بىلگۈچىدۇر دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئاسماندىكى بىر مەسجىد بولۇپ، كەئبە ئۇنىڭ ئاستىغا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا ئۇ چۈشۈپ كەتسە كەئبىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشىدۇ.»

4 ـ پەرىشتىلەرنىڭ اللە تىن قورقىدىغانلىقى

پەرىشتىلەر اللە نى چوڭقۇر تونۇغاچقا اللە تىن بەك قورقىدۇ. اللە ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار اللە نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ.» (سۈرە ئەنبىيا 28 ـ ئايەت) بۇخاري ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس پەرىشتىلەرنىڭ اللە تىن نەقەدەر قورقىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «اللە ئاسماندا بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، پەرىشتىلەر بويسۇنۇش يۈزىسىدىن قاناتلىرىنى قېقىپ، تاشقا ئۇرۇلغان زەنجىر ـ دەك ئاۋاز چىقىرىدۇ.»

ئەلي (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: «تاشقا ئۇرۇلغان زەنجىر ئاۋازى پەر ـ ىشتىلەرگە ئاڭلانغاندا، ئۇلار چۆچۈپ پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟ دەيدۇ. ھەقنى دېدى، اللە يۈكسەكتۇر، كاتتىدۇر، دېگەن جاۋابقا ئېرىشىدۇ.»

تەبرانى «مۇئجەمۇل ئەۋسەتتە» جابىر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن سەھى ئىسناد بىلەن شۇنداق رىۋا ـ يەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن ئىسرا كېچىسى پەرىشتىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم، قارىسام جىبرىئىل اللە دىن قورقۇپ چىرىگەن پالازدەك بولۇپ كېتىپتۇ.»

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## پەرىشتىلەر بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى

### 3 ـ پاراگراف: پەرىشتىلەر بىلەن ئادەم ئەلەـ يھىسسالامنىڭ مۇناسىۋىتى

پەرىشتىلەرنىڭ ئىنساننى يارىتىشتىكى ھېكمەتنى سورىغانلىقى:

پاك اللە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتماقچى بولغاندا پەرىشتىلەرگە ئۆز مەخستىنى بىلدۈردى. پەرىشتىلەر ئادەم باللىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلىقى، قان تۆكىدـ ىغانلىقى، ئاسىي ۋە كاپىر بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، اللە

دىن ئادەم يارىتىشنىڭ ھېكمىتىنى سورىدى. پاك اللە پەرىشتىلەرگە ئادەم يارىتىشنىڭ پەرىشتىلەر بىلمەيدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلىرى بارلىقىدىن خەۋەر بەردى: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: يەر يۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن، دېدى. پەرىشتىلەر: يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان شەخسنى ئورۇنباسار قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز دېدى. اللە: مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن دېدى.» (سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت)

## پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلغانلىقى

اللە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، جان كىرگۈزۈپ بولغاندا، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى. ئىبلىستىن باشقا پەرىشتىلەر بۇ بۇيرۇقنى دەرھال بىجا كەلتۈردى: «ئۆزۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار. پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي، ھەممىسى سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا بويۇنتاۋلىق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى.» (سۈرە ساد 71 ـ 74 ـ ئايەتكىچە)

## پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا يول كۆرسەتكەنلىكى

ئەبۇ ھۈرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «اللہ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاتمىش گەز ئېگىزلىكتە ياراتتى. اللہ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ بولغاندا، ئۇنىڭغا: ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ قېشىغا بارغىن! ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان سالامنى ئاڭلىغىن! بۇ، سېنىڭ ۋە سېنىڭ ئەۋلادىڭنىڭ سالامى بولىدۇ، دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دېدى. پەرىشتىلەر: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھي، دەپ جاۋاب قايتۇردى.»

## ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا پەرىشتىلەر-نىڭ يۇغانلىقى

ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەي قالغاندا، پەرىشتىلەر ئۇلارغا تەلىم بەردى. ھاكىمنىڭ «مۇستەد-رەك»، تەبەرانىينىڭ «مۇئجەمۇل ئەۋسەت» ناملىق كىتا- بىدا ئۇبەي (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن سەھي ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلە- يھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئۇنى پەرىشتىلەر سۇ بىلەن تاق قېتىم يۇدى، ئۇنىڭغا ئىچ يەرلىك ئالدى ۋە مۇنداق دېدى: بۇ، ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ يولىدۇر.»

سەھي ھەدىسلەردە ئىسپاتلىنىشىچە، پەرىشتىلەر ئۇھۇد جېڭىدە شېھىد بولغان ھەنزەلە ئەبي ئامىر (اللہ ئۇنىڭد-ىن رازى بولسۇن!) نى يۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لام: «پەرىشتىلەر بۇرادىرىڭلار ھەنزەلەنى يۇدى» دېگەن. ساھابىلەر ھەنزەلەنىڭ ئايالىدىن بۇ توغرىدا سورىغاندا، ئۇئايال مۇنداق دېگەن: «ھەنزەلە جەڭ سىگنالىنى

ئاڭلاپ، جۇنۇب ھالىتىدە چىقىپ كەتكەن ئىدى.»
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرىشتىلەر ئۇنى شۇڭا يۇدى» دېدى. ھاكىم، بەيھەقي، ئىبنى ئەساكىر قاتارلىقلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئەۋس قەبىيلىسىدىن ـ نىكىلەر ئۆز ئىچىدىن پەرىشتە يۇغان كىشىنىڭ چىققا ـ نلىقىدىن پەخىرلەنگەن.

## 2 ـ پاراگراف پەرىشتىلەر بىلەن

## ئادەمزاتنىڭ مۇناسىۋىتى

پەرىشتىلەرنىڭ ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، ئۇلار ئادەملەرنىڭ يارىتىلىشىغا ھازىر بولىدۇ. بۇ دۇنياغا كەلگەن ئادەملەرنى قوغدايدۇ. ئۇلارغا الله نىڭ ۋەھيىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىش ـ پائالىيىتىنى نازارەت قىلىدۇ. ئەجەلى توشقانلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

**1) پەرىشتىلەرنىڭ ئادەملەرنىڭ ئاپىرىدە قىلىنىشىدىكى رولى**

مۇسلىم ئەبۇزەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم: ئىسپىرما قىرىق كۈنلۈك بولغاندا، الله ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا شەكىل بېرىپ، قۇلاق، كۆز، تېرە، گۆش، سۆڭەكنى پەيدا قىلىپ بولغاندىن كېيىن: ئى پەرۋەردىگارىم! ئوغۇل بولامدۇ، قىزمۇ؟ دەپ سورايدۇ.

پەرۋەردىگارىڭ خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ، پەرىشتە شۇنى پۈتىدۇ.»

ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ راستچىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېدى: ھەرقايسىڭلار ئاناڭلارنىڭ قارنىدا قىرىق كۈن ئىسپىرما ھالىتىدە تۇرىسىلەر. ئاندىن كېيىن قىرىق كۈن پىشلاق قان ھالىتىدە، قىرىق كۈن چاينام گۆش ھالىتىدە تۇرىسىلەر. ئاندىن كېيىن اللە بىر پەرىشتە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ بۇيرىيدۇ: بۇ بەندىنىڭ ئەمىلىنى، رىزقىنى، بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغانلىقىنى يازغىن! ئاندىن اللە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىدۇ.»

«بۇخاري» ۋە «مۇسلىم» دا ئەنەس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: اللە بەچچىدانىغا بىر پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلدى. ئۇ پەرىشتە: ئى رەببىم! بۇ مەنىيدۇر. ئى رەببىم! بۇ پىشلاق قاندۇر. ئى رەببىم! بۇ چاينام گۆشتۇر دەيدۇ. اللە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزمەكچى بولغاندا، پەرىشتە: ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟ بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ؟ رىزقى قانچىلىك؟ ئۆمرى قانچىلىك؟ دەپ سوراپ، بۇلارنى ئانىنىڭ قارنىدا يازىدۇ.»

2) پەرىشتىنىڭ ئادەمزاتنى قوغدايدىغانلىقى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە اللە نىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار.» (سۈرە رەئد 11 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنى داڭلىق مۇپەسسىر ئىبنى ئابباس (اللە

ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق چۈشەندۈردۇ: «الله ھەربىر ئىنساننىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇنى قوغدايدىغان پەرىشتىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان. الله نىڭ قازا ۋە قەدىرى كەلگەندە، بۇ پەرىشتىلەر يول بوشۇتۇپ بېرىدۇ.»

مۇجاھىد مۇنداق چۈشەندۈردۇ: «بەندە ئۇخلىغاندا بولسۇن ياكى ئويغاق ھالىتىدە بولسۇن، ئۇنى جىن، ئىنسان ۋە جانىدارلاردىن قوغدايدىغان پەرىشتە بار. بىرەر مەخلۇق ئىنسانغا زىيان يەتكۈزمەكچى بولغاندا، بۇ پەرىشتە زىيانداشقا: كەينىڭگە قايت! دەيدۇ. ئەمما بۇ پەرىشتە الله نىڭ قازاسىغا ئارا تۇرالمايدۇ.»

بىر ئادەم ئەلي (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) غا مۇنداق دېدى: «بىر توپ چارۋىچىلار سىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەلي مۇنداق دېدى: «ھەربىر ئادەمنى تەقدىر قىلىنمىغان ئىشلاردىن قوغدايدىغان ئىككى پەرىشتە بار. تەقدىر كەلگەندە بۇ ئىككى پەرىشتە تەقدىرگە يول بېرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەجەل مۇستەھكەم قورغاندۇر.»

الله يەنە بىر ئايەتتە بەندىنى ئەجلى توشقىچە قوغدا ـ يدىغان پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە قوغدىغۇچى پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا بىپەرۋالىق قىلمايدۇ.» (سۈرە ئەنئام 61 ـ ئايەت)

**3) پەرىشتىلەرنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيد ـ ىغانلىقى**

الله بىزگە جىبرىئىلنىڭ بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆتەيدىغا ـ

نلقىي بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم، ﷲ قا دۈشمەندۇر. چۈنكى جىبرىئىل ﷲ نىڭ ئەمرى بىلەن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆئمىنلەرگە بىشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قە ـ لبىڭگە نازىل قىلدى.» (سۈرە بەقەرە 90 ـ ئايەت)

«ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئىشە ـ نچلىك جىبرىئىل قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى.» (سۈرا شۇرا 193 ـ 194 ـ ئايەت)

جىبرىئىلدىن باشقا پەرىشتىلەرنىڭ ۋەھيي ئېلىپ كېلىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن. مەسىلەن: «مۇسلىم» ئىبنى ئاباس (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «بۇ ئەسنادا جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. جىبرىئىل يۇقىرى تەرەپتىن غىچىرلىغان ئاۋاز ـ نى ئاڭلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، مۇنداق دېدى: «ئاسما ـ نىنىڭ بۇ دەرۋازىسى بۈگۈن ئېچىلدى. بۈگۈنگىچە زادى ئېچىلمىغان ئىدى.» بۇ دەرۋازىدىن بىر پەرىشتە چۈشتى. جىبرىئىل مۇنداق دېدى: «بۇ پەرىشتە بۈگۈنگىچە زېمىنغا زادىلا چۈشۈپ باقمىغان ئىدى.» ئۇ پەرىشە سالام قىلىپ مۇنداق دېدى: «سەندىن بۇرۇنقى ھېچقانداق پەيغە ـ مبەرگە بېرىلمىگەن ئىككى نۇرنى يەنى سۈرە پاتىھە بىلەن سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىنى بېرىلدىڭ. ئۇ ئىككىسىنى ئوقىساڭلا، ئۇ ئىككىسىنىڭ مەزمۇنىدا دېيىلگەننى بېرىلىسەن، بۇنىڭغا خۇشال بولغىن!»

ئىبنى ئەساكىر «تارىخ» ناملىق كىتابىدا ھۇزەيپە (ﷲ

ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئاسماندىن بۇرۇن چۇشۇپ باقمىغان بىر پەرىشتە چۈشۈپ سالام بەردى ۋە ھەم مۇنداق بىشارەت بەردى: ھەسەن ۋە ھۇسەيىن ئەھلى جەننەتتى بولغان ياشلارنىڭ خوجىسىدۇر. پاتىمە ئەھلى جەننەتتى بولغان ئاياللارنىڭ خوجىسىدۇر.»

«مۇسنەدى ئەھمەد» ۋە «سۇنەنى نەسەئى» دا ھۇزەيپە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بايا مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ مەن: ياق، دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئۇ بۇرۇن زېمىنغا چۈشۈپ باقمىغان بىر پەرىشتە. پەرۋەردىگارىدىن ئىزنى سوراپ، ماڭا سالام بەرگىلى، ھەسەن ۋە ھۇسەيىننىڭ جەننەت ئەھلى بولغان ياشلارنىڭ خوجىسى ئىكەنلىكىدىن، پاتىمەنىڭ ئەھلى جەننەتتى بولغان ئاياللارنىڭ خوجىسى ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەرگىلى كەپتۇ.»

كىمنىڭ قېشىغا پەرىشتە كەلسە، ئۇ پەيغەمبەر بولىۋەرمەيدۇ

كىمنىڭ قېشىغاپەرىشتە كەلسە، ئۇنى پەيغەمبەر دېيىش توغرا ئەمەس. الله جىبرىئىلنى مەريەمنىڭ قېشىغا، ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگىگەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن. ساھابىلەر جىبرىئىلنى ئەئرابىينىڭ سۈرىتىدە كۆرگەن. خۇدالىق ئۈچۈن دوست بولغان كىشىسىنى زىيارەت قىلغان ئادەمنىڭ ئالدىغىمۇ،

ﷲ پەرىشتە ئەۋەتىپ، خۇدالىق ئۇچۇن دوست بولغانلىقى سەۋەبىدىن ﷲ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بىشارەت بەرگەن.

ۋەھيي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق كېلەتتى؟

«سەھي بۇخاري» دا ئائىشە (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، هارىس ئىبنى ھىشام (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق دەپ سورىدى: «ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا ۋەھيي قانداق كېلىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: بەزىدە ۋەھيي ماڭا قوڭغۇراق ئاۋازىدەك كېلىدۇ. بۇ ماڭا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ۋەھيىدۇر. ۋەھيي ئۈزۈلگەندە مەن پەرىشتىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭقىرىۋالىمەن. بەزىدە پەرىشتە ماڭا ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ سۆزلەيدۇ ـ دە، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭقىرىۋالىمەن.»

جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا پەرىشتىلىك ھالىتىدە كەلگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەـ يھىسسالامغا ۋەھيي ئەڭ ئېغىر كېلەتتى. جىبرىئىل ئىنسان سۈرىتىدە كەلگىنىدە بولسا، ۋەھيي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېنىك تۇيۇلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەـ يھىسسالام جىبرىئىلنى پەرىشتىلىك قىياپىتىدە ئىككى قېتىم كۆرگەن. بىرىنچى قېتىم پەيغەمبەر قىلىنىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن كۆرگەن. «سەھي بۇخاري» دا جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «مەن پىيادە كېتىۋاتاتتىم، دەل شۇچاغدا ئاسمان تەرەپتىن بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ھىرا غارىدا قېشىمغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قايتتىم ۋە مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! دېدىم.»

ئىككىنچى قېتىم مىئراجغا چىققاندا كۆرگەن. مۇشۇ ئىككى قېتىم كۆرۈش سۈرە «نەجم» دە مۇنداق تىلغا ئېلىنىدۇ: «ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە جىبرىئىل تەلىم بەردى. جىبرىئىلنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا ئۆز شەكلىدە تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاستا-ئاستا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىپ، تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. الله بەندىسىگە جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيىلەرنى ۋەھيي قىلدى. ئۇ كۆرگىنىنى راست كۆردى. ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشا- مسىلەر؟ ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇل مۇنتەھا دەرىخىنىڭ يېنىدا كۆردى. جەننەتۇل مەئۋا بولسا، سىدرەتۇل مۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر. ئۇ سىدرەتۇل مۇنتەھانى الله نىڭ نۇرى قاپلىغان چاغدا كۆردى. ئۇنىڭ كۆزى ئوڭ-سولغا بۇرالمىدى، كۆزلە- نگەن نەرسىدىن ئۆتۈپ كەتمىدى.» (سۈرە نەجم 5-17-ئايەتلەر)

## جىبرىئىلنىڭ ۋەزىپىسى ۋەھيي يەتكۈزۈش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ

جىبرىئىلنىڭ ۋەزىپىسى الله نىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بەلكى ئۇ، ھەر يىلى رامىزان

كېچىلىرىدە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئاننى مۇزاكىرە قىلىشاتتى. «سەھىي بۇخارىي» دا ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لام كىشىلەر ئىچىدە ئەڭ سېخىي كىشى ئىدى. رامزاندا جىبرىئىلغا ئۇچراشقىنىدا تېخىمۇ سېخىي بولۇپ كېتەتتى. جىبرىئىل رامزاننىڭ ھەركېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لام بىلەن ئۇچرىشىپ قۇرئاننى مۇزاكىرە قىلىشاتتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەير-ئېھسان قىلىشتا شامالدىنمۇ تېزرەك بولۇپ كېتەتتى.»

**جىبرىئىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمام بولغانلىقى**

جىبرىئىل اللە نىڭ ئەمرى بىلەن نامازنى ئۆگىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمام بولغان. «سەھىي بۇخارىي» ۋە «سۈنەنى نەسەئى» دا ئەبۇ مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل چۈشۈپ ماڭا ئىمام بولدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارماقلىرى بىلەن بەش قېتىم ناماز ئوقۇغانلىقىنى سانىغان.

«سۈنەن» دە ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ماڭا بەيتۇللادا

ئىككى قېتىم ئىمام بولدى. بىرىنچى قېتىمدا، پېشىننى كۆن بوغقۇچ مىقدارى قايرىلغاندا ئوقۇپ بەردى. ئەسرنى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىگە ئوخشاش بولغاندا ئوقۇپ بەردى. شامنى ئىپتار ۋاقتىدا ئوقۇپ بەردى. خۇپتەننى شەپەق يوقىتكەندە ئوقۇپ بەردى. بامداتنى روزا تۇتقۇچى سوھۇرلۇق توختىتىدىغان چاغدا ئوقۇپ بەردى. ئەتىسى پېشىننى ھەرنەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىگە ئوخشاش بولغاندا ئوقۇپ بەردى. ئەسرنى ھەرنەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدەك ئىككى ھەسسە بولغاندا ئوقۇپ بەردى. شامنى ئىپتار ۋاقتىدا ئوقۇپ بەردى. خۇپتەننى كېچىنىڭ ئۈچتىنىڭ بىرى قالغاندا ئوقۇپ بەردى. بامداتنى ئالەم يورۇغاندا ئوقۇپ بەردى. ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ، مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد! مانا بۇ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتىدۇر. يۇقىرىقى ئىككى ۋاقتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت ئەڭ ئەۋزەل ۋاقىتتۇر.»

جىبرىئىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايەت ـ شىپا ئوقۇغانلىقى

«سەھي مۇسلىم» دا ئەبۇ سەئىيد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇنداق دېدى: مۇھەممەد! ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ ھەئە، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. جىبرىئىل مۇنداق دەپ شىپا ئوقۇدى: اللە نىڭ نامى بىلەن ساڭا ئازار بېرىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن، ھەرقانداق روھتىن، ھەسەتخورنىڭ كۆزىدىن شىپا ئوقۇيمەن، اللە ساڭا شىپالىق بەرسۇن! اللە نىڭ نامى بىلەن ساڭا شىپا ئوقۇيمەن.»

جىبرىئىل يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جەڭ قىلىش، ئىسرادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمرا بولۇش قاتارلىق باشقا ئىشلارنىمۇ قىلغان.

## نېمىشقا اللە پەرىشتىلەرنى پەيغەمبەر قىلمايدۇ؟

اللە پەرىشتىلەرنى پەيغەمبەر قىلمايدۇ، چۈنكى، پەرىشتىلەر خاراكتېر جەھەتتىن ئىنسانلارغا ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ پەرىشتىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشى ئاسان ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، يۇقىردا دېيىلگەندەك، جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا پەرىشتىلىك ھالىتىدە كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىينىلاتتى، چۈچۈيتتى ۋە ئايالىغا مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! يۆگەپ قويۇڭلار! دەپ كېتەتتى. خاراكتېر ئوخشىمىغاچقا، اللە ئىنسانلارغا ئۆز ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىشنى خالىدى. ناۋادا يەر شارى ئاھالىلىرى پەرىشتە بولغان بولسا، اللە ئۇلارغا پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلاتتى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، مۇبادا زېمىندا مېڭىپ يۈرىيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق.» (سۈرە ئىسرا 95 ـ ئايەت)

اللە پەرىشتىلەرنى پەيغەمبەر قىلغان تەقدىردە، كىشىلەر پەرىشتىلەر بىلەن ئالاقە قىلالىسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنى ئادەم سۈرىتىدە قىلىپ ئەۋەتىشكە توغرا كېلەتتى: «ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟ دەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيتتى. بىز پەرىشتىنى پەيغەمبەر

قىلغان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق. ئۇلارنى يەنە شۇبھىگە چۈشۈرەتتۇق.» (سۈرە ئەنئام 8 ـ 9 ـ ئايەت)

كاپىرلارنىڭ پەرىشتىلەرنى كۆرۈشنى، پەرىشتىدىن پەيغەمبەر كېلىشنى تەلەپ قىلىشى، ھىدايەت ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقىدىن. ناۋادا پەرىشتىدىن پەيغەمبەر كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار ھەرگىز ئىمان كەلتۈرمەيدۇ. الله بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز كۇپپارلارغا پەرىشتىلەرنى چۈشۈر ـ گەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، ھەممە نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن تەقدىرد ـ ىمۇ، الله خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى ئۇقمايدۇ.» (سۈرە ئەنئام 110 ـ ئايەت)

**4) پەرىشتىلەرنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئىلھام قوزغايدىغانلىقى**

الله ھەربىر ئىنسانغا بىر پەرىشتە ۋە بىر جىننى ھەمراھ قىلغان. «سەھىي مۇسلىم» دا ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر ئادەمگە بىر جىن، بىر پەرىشتە ھەمراھ بولىدۇ. ساھا ـ بىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆزلىرىدىمۇ شۇنداقمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىمۇ شۇنداق. لېكىن الله ماڭا جىنغا قارشى ياردەم بەردى. جىن مۇسۇلمان بولدى. ئۇ مېنى ياخشىلىقتىن باشقىغا بۇيرۇمايدۇ» دېدى. ئىنساننىڭ پەرىشتە ھەمراھى، نامە ـ ئەمالنى خاتىرىلەيدىغان پەرىشتىلەردىن باشقا بىر

پەرىشتە بولۇپ، اللە ئۇنى ئىنسانغا توغرا يول كۆرسىتىشكە ئورۇنلاشتۇرغان.

پەرىشتە بىلەن جىن ئىنسانغا نۆۋەت بىلەن ھەمراھ بولىدۇ. جىن ئۇنى يامانلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە قىزىقتۇرىدۇ. پەرىشتە ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە قىزىقتۇرىدۇ. ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم بىلەن شەيتانمۇ ھەپىلىشىدۇ، پەرىشتىمۇ ھەپىلىشىدۇ. شەيتان ئۇنى يامانلىق قىلغۇزۇش ۋە ھەقىقەتنى يالغان دېگۈزۈش ئۈچۈن ھەپىلىشىدۇ. بۇنى ھېس قىلغان كىشىلەر اللە قا سېغىنىپ، لەنەتكەردە شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىسۇن! پەرىشتەئۇنى ياخشىلىق قىلغۇزۇش ۋە ھەقىقەتنى راست دېگۈزۈش ئۈچۈن ھەپىلىشىدۇ. بۇنى ھېس قىلغان كىشى اللە قا ھەمدى ئېيتسۇن ۋە شۈكرى قىلسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرقى سۆزنى قىلغاندىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتىدۇ، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ: اللە سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. اللە نىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر. ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە بەقەرە 268 ـ ئايەت)

ئىبنى كەسىر بۇھەدىسنى كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسنى تىرمىزي نەسەئى رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ھەببانمۇ كۆرسەتكەن.»

تۆۋەندىكى ھەدىسكە قارساڭلا جىن ھەمراھ بىلەن پەرىشتە ھەمراھنىڭ ئىنسانغا يول كۆرسىتىشتە قانداق

رىقابەتلىشىدىغانلىقىنى بىلەلەيسەن. جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشى كۆرپىسىدىن ئورۇن ئالغاندا، ئۇنىڭ قېشىغا بىر پەرىشتە ۋە بىر شەيتان كېلىدۇ. پەرىشتە: «كۈنۈڭنى ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىن!» دەيدۇ. شەيتان: «يامانلىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىن!» دەيدۇ. ئىنسان ئۇيقۇسى كەلگىچە الله نى ياد ئېتىپ ياتسا پەرىشتە شەيتاننى قوغلىۋېتىپ، ئىنساننى قوغداپ ياتىدۇ. ئىنسان ئويغانغان ھامان ئۇنىڭ قېشىغا يەنە بىر پەرىشتە ۋە بىر شەيتان ئالدىراپ كېلىدۇ. پەرىشتە: «كۈنۈڭنى ياخشىلىق بىلەن باشلا!» دەيدۇ. شەيتان: «يامانلىق بىلەن باشلا!» دەيدۇ. ئەگەر ئويغانغان كىشى: «ئۇيقۇمدا جېنىمنى ئالماي ئويغاتقان الله قا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! ئەجىلى توشقانلارنى تۇتۇپ قېلىپ، ئەجىلى توشمىغانلارنى ئەجىلى توشقىچە ياشىغىلى قويىدىغان الله قا ھەمدۇ ـ سانالەر بولسۇن! ئاسمان ـ زېمىننى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشتىن تۇتۇپ تۇرغان الله قا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! ئەگەر ئاسمان ـ زېمىن گۇمۇرۇلۇپ چۈشسە، ئۇنى الله تىن باشقا ھېچكىشى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. ئاسماننى زېمىن ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشتىن تۇتۇپ تۇرغان الله قا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!» دېسە، پەرىشتە شەيتاننى قوغلاپ، كۈن بويى ئۇ كىشىنى قوغدايدۇ.»

بۇ ھەدىسلەرنىڭ يوليورۇقى بويىچە ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، روھىيىتىمىزنى پاكلاپ، پەرىشتىلەرنى ئۆزىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. پەرىشتىلەر بىزگە يېقىنلاشسا، نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا ئېرىشىمىز. يۇقىردا ئىبنى

ئابباس (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، جىبرىئىل رامىزاندا قۇرئان مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشقا ئۈندىگەنلىكى، نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشىلىق قىلىشتا شامالدىن تېزلىشىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىندى.

5) پەرىشتىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللەرنى خاتىرلەيدىغانلىقى

ئادەملەرنىڭ ياخشى-يامان ئەمەللىرىنى خاتىرلەشكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار. ﷲ بۇ پەرىشتىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردە سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.» (سۈرە ئىنفىتار 10-12-ئايەتلەر)

ﷲ ھەربىر ئىنسانغا ئىككى پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىككىسى ئىنساندىن ئايرىلمايدۇ. ئىنساننىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى بىر-بىرلەپ خاتىرلەيدۇ: «بىز ھەقىقەتەن ئىنساننىياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىپ تۇرىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز. ئىنساننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار. ئىنسان قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ.» (سۈرە قاف 16-18-ئايەتلەر)

بۇ ئايەتتىن شۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئىنساننىڭ نامە ـ ئەمالىنى يېزىشقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئىنساننىڭ ھەربىر سۆز ۋە ھەرىكىتىنى قالدۇرماي يازىدۇ. ھەربىر ئىنساننىڭ نامە ـ ئەمالىغا ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى تولۇق پۈتۈلگەن بولىدۇ. شۇڭا قىيامەت كۈنى كاپىرلار نامە ـ ئەماللىرىنى كۆرگەندە مۇنداق دەپ ھەسرەت چېكىدۇ: «ۋاي بىزگە، بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھىنىڭ ھەممىسى خاتىرلىنىپتىغۇ! ئۇلار قىلغان، ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالغا خاتىرلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ ھېچبىر ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ.» (سۈرە كەھف 49 ـ ئايەت)

«سەھىي بۇخارىي» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغە ـ مبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان: «بىر بەندە دىققەت قىلماي الله رازى بولىدىغان سۆزدىن بىرنى قىلىدۇ ـ دە، بۇ سەۋەبتىن الله ئۇنى بىر نەچچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بىر بەندە دىققەت قىلماي الله نارازى بولىدىغان سۆزدىن بىرنى قىلىدۇ ـ دە، بۇ سەۋەپتىن الله ئۇنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ.»

ئىبنى كەسىر ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ھەسەن بەسرىي: «ھەربىر ئىنساننىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىدا ئولتۇرۇپ خاتىرلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار» دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ھەي ئادەم بالىسى، نامە ـ ئەمال دەپتىرىڭ ئېچىقلىق، ئىككى ئۇلۇغ پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنغلىق، بىرى ئوڭ يېنىڭدا، بىرى سول يېنىڭدا تۇرۇغلۇق، ئوڭ يېنىڭدىكىسى

ياخشىلىقلىرىڭنى يېزىقلىق، سول يېنىڭدىكىسى يامانلىقلىرىڭنى يېزىقلىق، خالىغىنىڭنى قىل! ئازقىل ياكى كۆپ قىل! ئۆلگىنىڭدە نامە ـ ئەمال دەپتىرىڭ يېپىلىپ، بوينۇڭغا چېگىلىپ قەۋرەڭگە بىللە قويۇلىدۇ. قىيامەت كۈنى قەۋرەڭدىن چىققىنىڭدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر ئىنساننىڭ ئەملىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ، ئۇنى ئېچىپ كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا: نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ھېساب ئالغۇچى بولۇشۇڭ كۇپايە دېيىلىدۇ.» (سۈرە ئىسرا 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر)

الله بىلەن قەسەمكى سېنى ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ ھېساب ئېلىشقا قويغان زات ئادىلدۇر.»

ئىبنى كەسىر يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) «ئىنسان بىر سۆزنى قىلغان ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا پەرىشتە ھازىر بولۇپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «پەرىشتە ئىنساننىڭ ئېغىزىدىن چىققان ياخشى ـ يامان ھەرقانداق سۆزنى يازىدۇ، ھەتتاكى يېدىم، ئىچتىم، باردىم، كەلدىم، كۆردۈم دېگەندەك سۆزلەرنىمۇ يازىدۇ. پەيشەنبە كۈنى ئىنساننىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتى الله قا توغرا قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئېلىپ قېلىنىپ، قالغانلىرى تاشلىۋېتىلىدۇ. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «الله خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر.» (سۈرە رەئد 39 ـ ئايەت)

ئىبنى كەسىر ئىمام ئەھمەد ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەھمەد كېسەللىكىدە ئىڭرايتتى. ئۇ تائۇسنىڭ: «پەرىشتە ئىڭرىغاننىمۇ يازىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچىلىك ئىڭرىمىغان.»

## ئوڭ تەرەپتىكى پەرىشتە ياخشىلىقنى، سول تەرەپتىكى پەرىشتە يامانلىقنى يازىدۇ

تەبەراني «مۇئجەمۇل كەبىر» دا ياخشى ئىسناد بىلەن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سول تەرەپتىكى پەرىشتە گۇناھ قىلغان مۇسۇلماننىڭ گۇناھىنى ئالتە سائەتكىچە يازمايدۇ. مۇسۇلمان گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، الله تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، پەرىشتە بۇگۇناھنى يازمايدۇ. ئىستىغپار تەلەپ قىلمىسا، بىر گۇناھنى بىردەپ يازىدۇ.»

## پەرىشتىلەر كۆڭۈلگە كەلگەن خىياللارنىمۇ يازامدۇ؟

«ئەقىيدە تاھاۋىيە» نى شەرھىلىگۈچى پەرىشتىلەرنىڭ خىياللارنىمۇ يازىدىغانلىقىغا «پەرىشتىلەر قىلمىشلىرىڭلار ـ نى بىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلدى. ئايە ـ تتىكى «قىلمىشلىرىڭلار» دېگەن سۆز ئاشكارا قىلمىش بىلەن يوشۇرۇن قىلمىش (جۇملىدىن خىيال) نى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شەرھي يازغۇچى يەنە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله ئېيتىدۇ: بەندەم يامانلىق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، ئۇنى يازماڭلار! ئەگەر ئەمەلىيەتتە يامانلىق قىلسا، ئۇنى بىرنى بىر دەپ يېزىڭلار! بەندەم ياخشىلىق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، ئەمەلىيەتتە

ياخشىلىق قىلمىسمۇ، بىر ياخشىلىق يېزىپ قويۇڭلار. ئەمەلىيەتتە ياخشىلىق قىلسا، بىر ياخشىلىقنى ئون دەپ يېزىڭلار!»

«بۇخارىي» ۋە «مۇسلىم» ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرىشتىلەر ئېيتتى: ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئاۋۇ بەندە يامانلىق قىلماقچى بولۇۋا-تىدۇ. بۇ بەندىنى پەرىشتىلەردىن ئوبدانراق كۆرۈپ تۇرغان اللە مۇنداق دېدى: ئۇ بەندىنى كۆزىتىڭلار! ئەگەر ئۇ شۇ يامانلىقنى قىلسا، بىرگۇناھنى بىر دەپ يېزىڭلار! ئەگەر ئۇ شۇ يامانلىقنى تەرك ئەتسە، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىپ قويۇڭلار! ئۇ يامانلىقنى مەندىن قورقۇپ تەرك ئەتكەن بولىدۇ.»

بەزىلەر پەرىشتىلەر ئىنسانىنىڭ خىيالىنى بىلىدۇ دېسەك، «اللە كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ» دېگەن ئايەتكە زىت كەلمەمدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، مەزكۇر ئايەتتىن ئىنسانىنىڭ خىيالىنى اللە تىن باشقا ھېچكىشى بىلمەيدۇ دېگەن مەزمۇن چىقمايدۇ. شۇڭا ئادەملەر بىر-بىرىنىڭ خىيالىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما پەرىشتىلەر ئادەملەرنىڭ خىيالىنى بىلىدۇ. يەنە شۇنداق دېيەلەيمىزكى، پەرىشتىلەر ئىنسانىنىڭ ھەممە خىيالىنى بىلىدىغانلىقىغا دەلىلىمىز بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىنسانىنىڭ نىيىتىنى بىلىدىغانلىقى ئېنىق.

## ياخشىلىققا ئۈندەش

«بۇخارىي» ۋە «مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە

ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندىلەرگە تاڭ ئاتقان ھەرقانداق بىر كۈندە ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى: ئى اﷲ! خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىغا كەملىگەن ئىقتىسادىنى تولدۇرۇپ بەرسىلە! دەيدۇ. يەنە بىرى: ئى اﷲ! خەير ـ ئېھسان قىلمىغۇچىنى ئىقتىسادتىن ئايرىۋەتسىلە دەيدۇ.»

**6) ئادەملەرنى سىناش**

اﷲ بەزى پەرىشتىلەرنى ئادىملەرنى سىناشقا ئەۋەتىدۇ. «بۇخاري» ۋە «مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان: «اﷲ بەني ئىسرائىل ئىچىدىكى ئاق كېسەل، تاز ۋە قارىغۇدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇلارغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى. پەرىشتە ئاق كېسەلنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇڭ نېمە؟ دېدى. ئاق كېسەل: كىشىلەرنى مەندىن يىرگەندۈرىدىغان نەرـ سىنىڭ يوقۇلۇپ، تېرەمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن. پەرىشتە ئۇنى بىر سىلىۋىدى، ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، تېرىسى چىرايلىق رەڭگە كىردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ دېدى. ئۇ: تۆگىنى، دېدى. ئۇنىڭغا تۇغقىدەك بولغان بىر تۆگە بېرىلدى. پەرىشتە: اﷲ تۆگەڭگە بەرىكەت بەرسۇن! دېدى. پەرىشتە تازنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇڭ نېمە؟ دېدى. تاز: كىشىلەرنى يىرگەندۈرىد ـ ىغان نەرسىنىڭ مەندىن يوقۇلۇپ، چىرايلىق چېچىمنىڭ

بولۇشنى ئارزۇ قىلمەن، دېدى. پەرىشتە ئۇنى بىر سىلىۋىدى، ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، بېشىغا چىرايلىق چاچ ئۈندى. پەرىشتە: قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ دېدى. تاز: كالىنى، دېدى. ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا بېرىلدى. پەرىشتە: ئاللاھ كالاڭغا بەرىكەت بەرسۇن! دېدى. پەرىشتە قارىغۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇڭ نېمە؟ دېدى. قارىغۇ: ئاللاھ كۆزۈمنى قايتۇرۇپ بەرسە، كىشىلەرنى كۆرسەمكەن، دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭ كۆزىنى بىر سىلىۋىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى كۆرىدىغان قىلدى. پەرىشتە: قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ دېدى. قارىغۇ: قوينى، دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر بوغاز ساغلىق بەردى. بۇ ئۈچىگە بېرىلگەن كالا، تۆگە، قويلار تۇغۇشقا باشلىدى. ئاق كېسەلنىڭ بىر جىلغا تۆگىسى، تازنىڭ بىر جىلغا كالىسى، قارىغۇنىڭ بىر جىلغا قويى بولدى. بىر زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، پەرىشتە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتىدە ئاق كېسەلنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: مەن سەپەردە ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگىگەن بىر بىچارىمەن. ئاۋۋال ئاللاھ، ئاندىن قالسا سەن ياردەم قىلمىساڭ، يۇرتۇمغا كېتەلمەيمەن. ساڭا چىرايلىق تېرە، چىرايلىق رەڭ بەرگەن زاتنىڭ ھەققى ھۆرمىتى بىلەن بىر تۆگە بېرىپ، يۇرتۇمغا بېرىۋېلىشىمغا ياردەم قىلىشىڭنى سورايمەن. ئاق كېسەل: چىقىملىرىم بەك كۆپ، دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: مەن سېنى تونۇغاندەك قىلىمەنغۇ؟ سەن كىشىلەر يىرگىنىدىغان بىر ئاق كېسەل ۋە كەمبەغەل ئەمەسمىدىڭ؟ ئاللاھ ساڭا ئارزۇ قىلغىنىڭنى بەردى ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئاق كېسەل: مەن بۇ مالنى باي

دادامدىن مىراس ئالغانمەن، دېدى. پەرىشتە: يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ سېنى بۇرۇنقى ھالىتىڭگە كەلتۈرۈپ قويسۇن! دېدى. پەرىشتە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتىدە تازنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاق كېسەلگە دېگەن سۆزلەرنى دېدى. تاز پەرىشتىگە ئاق كېسەل جاۋاب بەرگەندەك جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ سېنى بۇرۇنقى ھالىتىڭگە كەلتۈرۈپ قويسۇن! دېدى. پەرىشتە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتىدە قارىغۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: مەن ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگىگەن بىچارە مۇساپىر- مەن. ئاۋۋال ئاللاھ، ئاندىن سەن ياردەم قىلمىساڭ، يۇرتۇمغا بارالمايمەن. كۆزۈڭنى كۆرىدىغان قىلغان زاتنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى بىلەن بىر قوي بېرىپ، يۇرتۇمغا بېرىۋېلىشىمغا ياردەم قىلىشىڭنى سورايمەن. قارىغۇ مۇنداق دېدى: مەن قارىغۇ ئىدىم، ئاللاھ كۆزۈمنى كۆرىدىغان قىلدى. خالىغىنىڭنى ئالغىن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۈگۈن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سەندىن ھېچنەرسىنى ئايىمايمەن. پەرىشتە ئېيتتى: مېلىڭنى ئۆزۈڭ ئالغىن! سىلەر سىنالدىڭلار، ئاللاھ سەندىن رازى بولدى، ئىككى ھەمراھىڭدىن نارازى بولدى.»

### 7) ئۆمرى ئاخىرلاشقانلارنىڭ جېنىنى ئېلىش

ئاللاھ بەزى پەرىشتىلەرنى ئۆمۈرلىرى ئاخىرلاشقان كىشىلەرنىڭ جېنىنى ئېلىشقا قويدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئېلىشقا مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە جېنىڭلارنى ئالىدۇ. ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇ- لىسىلەر.» (سۈرە سەجدە 11- ئايەت)

جان ئالىدىغان پەرىشتىلەر كۆپتۇر: «اللە بەندىلىرىنى تېزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار بىپەرۋالىق قىلمايدۇ، ئاندىن ئۇلار ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى، ئىگىسى اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. ھۆكۈم قىلىش يالغۇز اللە قىلا خاستۇر، اللە ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.» (سۈرە ئەنئام 61 ـ 62 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر كاپىر ۋە گۇناھكارلارنىڭ جېنىنى قوپاللىق بىلەن قاتتىق تارتىپ ئالىدۇ. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرسەن. پەرىشتىلەر قوللىرىنى سوزۇپ، سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر.... دەيدۇ.» (سۈرە ئەنئام 93 ـ ئايەت)

«پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ، ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا كۆيدۈرگۈچى ئازابنى تېتىڭلار دەيتتى.» (سۈرە ئەنفال 50 ـ ئايەت)

«پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋا ـ تقان ھالدا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟» (سۈرە مۇھەممەد 27 ـ ئايەت)

ئەمما پەرىشتىلەر مۆئمىنلارنىڭ جانلىرىنى ئالغاندا بولسا ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن، مېھرىبانلىق بىلەن ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا خۇش بىشارەت بېرىدۇ: «شۈبھىسىزكى،

«پەرۋەردىگارىمىز اللە دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: قورقماڭلار! غەم قىلماڭلار! سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار! بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلەرنىڭ ھەممىسى بار. بۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان اللە تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر، دەيدۇ.» (سۈرە فۇسسىلەت 30 ـ 32 ـ ئايەتلەر)

## مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتتى

«سەھي مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆلۈم پەرىشتىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: اللە نىڭ دەرگاھىغا مەرھەمەت، دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرىشتىنىڭ كۆزىگە بىر كاچات ئۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتتى. پەرىشتە اللە نىڭ دەرگاھىغا يېنىپ بېرىپ: مېنى ئۆلۈشنى خالىمايدىغان بىر بەندىنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن ئىكەنلا، ئۇ كۆزۈمنى قويۇۋەتتى، دېدى. اللە پەرىشتىنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىپ، مۇنداق دېدى: ئۇ بەندەمنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگىن: «ياشاشنى خالامسەن؟ ياشاشنى خالىساڭ، قولۇڭنى كالىنىڭ ئۇچىسىغا قويغىن! قولۇڭ بىلەن قانچىلىك تۈك يۆگەلسە، شۇنچە يىل ياشايسەن.» مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: ئاندىن كېيىنچۇ؟ دېدى. پەرىشتە: ئۆلىسەن،

دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسا ـ لام: ئۇنداقتا ھازىرلا ئۆلەي! دېدى.»

«ئۇ زامانلاردا ئۆلۈم پەرىشتىسى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ كېلەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى كاچات بىلەن ئۇرۇپ، كۆزىنى قۇيۇۋەتكەن.» (ئەھمەد ۋە تەبەرانىي رىۋايىتى)

ئىبنى ھەجەرۇل ئەسقەلانىي مۇنداق دەيدۇ: «بەزى بىدئەتچىلەر بۇ ھەدىسنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارغا مۇنداق رەددىيە بېرىلىدۇ: ئۇ پەرىشتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئادەم سۈرىتىدە كەلگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھويلىسىغا بىر ئادەمنىڭ رۇخسەتسىز كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى بىلمەي، كۆزىنى قۇيۇۋەتكەن. شەرىئەتتە باشقا مۇسۇلمانىنىڭ ھويلىسىغا رۇخسەتسىز قارىغان كىشىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىش دۇرۇس.

پەرىشتىلەر ئىبراھىم، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغىمۇ ئادەم سۈرىتىدە كەلگەن. ئۇلارمۇ پەرىشتىلەرنى تونۇماي قالغان. تونۇغان بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېمەكلىك ئېلىپ كەلمەس ئىدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرىمەس ئىدى.»

الله سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدا، مۇتتەقىيلارنىڭ بىرىنچى سۈپىتى غەيبكە ئىشىنىش، دەپ خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خەۋىرىنى شەرتسىز تەستىق قىلىش كېرەك. غەيبىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى سەھىي ھەدىسلەرنى نوقۇل ئەقلىي دەلىل بىلەن يالغانغا چىقىر ـ

ىش ئىمانغا زىت كېلىدۇ.

**8) پەرىشتىلەرنىڭ بەندىلەر بىلەن قەبرىدىكى ۋە مەھشەرگاھ مەيدانىدىكى مۇناسىۋىتى**

پەرىشتىلەرنىڭ بەندىلەرنى قەبرىدە سوئال-سوراق قىلىدىغانلىقى، كاپىرلارنى ۋە گۇناھكارلارنى ئازابلايدىغانلىقى، مۆئمىنلارنى راھەتلەندۈرىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنى مۆئمىنلارنى قارشى ئېلىشقا چىقىدىغانلىقى، ئىسراپىلنىڭ سۇر چالىدىغانلىقى، پەرىشتىلەرنىڭ كىشىلەرنى ھېساب مەيدانىغا جۈغلايدىغانلىقى، كاپىرلارنى دوزاخقا ھەيدەيدىغانلىقى، ئازابلايدىغانلىقى، مۆئمىنلارنى جەننەتكە باشلاپ بېرىپ، ئۇلارغا سالام قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىلەر (الله خالىسا) ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا بايان قىلىنىدۇ.

# 3 ـ پاراگراف: پەرىشتىلەر بىلەن

# مۆئمىنلارنىڭ مۇناسىۋىتى

بىز يۇقىردا پەرىشتىلەرنىڭ جىمى ئادەمزات بىلەنكى مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالدۇق. مەسىلەن: پەرىشتىلەر ـ نىڭ ئىسپېرمىنى سۈرەتكە كىرگۈزۈشى، بەندىلەرنى قوغدىشى ۋە كۆزىتىشى، ۋەھىي يەتكۈزۈشى، نامە ـ ئەماللارنى خاتىرلىشى، جانلارنى ئېلىشى مۆئمىنغا ياكى كاپىرغا خاس ئىش بولماستىن، بەلكى مۆئمىن ـ كاپىر، ھەممە ئادەملەرگە ئورتاق بولغان ئىشتۇر. پەرىشتىلەر ـ نىڭ يەنەمۆئمىنلار بىلەن مۆئمىنغا خاس مۇناسىۋىتى، كاپىرلار بىلەن كاپىرغا خاس مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، تۆۋەندە بۇئىككى خىل مۇناسىۋەتنى ئوچۇق چۈشەندۈر ـ مەكچىمىز:

**1 ـ پەرىشتىلەر بىلەن مۆئمىنلارنىڭ مۇناسىۋىتى**

**1) پەرىشتىلەر مۆئمىنلارنى ياخشى كۆرىدۇ**

«بۇخاري» ۋە «مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: الله پالانى بەندىنى ياخشى كۆردى، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن!

دەيدۇ. جىبرىئىل ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. جىبرىئىل ئاسماندىكىلەرگە: اﷲ پالانى بەندىنى ياخشى كۆردى، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار! دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇنى ئاسماندىكىلەر ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ بەندىنى زېمىندىكىلەر ئالقىشلايدۇ.»

## 2) موئمىنغا تۆزىتىش بېرىش

«سەهي بۇخاري» دا ھەسسان ئىبنى سابىت (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان: «ئى اﷲ! ئۇنى جىبرىئىل بىلەن قوللىغىن!»

«سەهي بۇخاري» دا يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: اﷲ بىلەن قەسەمكى، بۇ كېچە يۈز ئايالىمغا يېقىنچىلىق قىلىمەن، ھەر بىرى اﷲ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان بىردىن ئوغۇل تۇغىدۇ، دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: «اﷲ خالىسا» دېگىن! دېدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنتۇپ قىلىپ، دېمىدى. ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلدى، يۈز ئايال ئىچىدىن پەقەت بىرسىلا ئەزالىرى چالا بىر بالا تۇغدى. ئەگەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: «اﷲ خالىسا» دېگەن بولسائىدى، قەسىمى بۇزۇلمىغان بولاتتى. ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشىدىن ئۈمىد بار ئىدى.»

دېمەك، پەرىشتە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا تۆزىتىش بەرگەن ۋە ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلىگەن.

## 3) موئمىنلارغا دۇئا قىلىپ قويۇش

ﷲ بزگە پەرىشتىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە موئمىنلارغا دۇئا قىلدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىدۇ: «ﷲ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ.» (سۈرە ئەھزاب 56 ـ ئايەت)

«ﷲ سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن سىلەرگە رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، ﷲ موئمىنلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (سۈرە ئەھزاب 43 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلغانلارغا دۇئا قىلىدۇ:

**1 ـ كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگەتكەنلەرگە**

ترمزي ئەبۇ ئۇمامە (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا ـ لام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگەتكۈچىلەرگە ﷲ رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ. ﷲ نىڭ پەرىشتىلىرى، ئاسمان ـ زېمىندىكىلەر، ھەتتاكى ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلىلەر ۋە بېلىقلار ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ.»

**2 ـ جامائەت نامىزىنى كۈتكەنلەرگە**

«سەھىي مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ناماز ئوقۇغان ئورنىدا ئولتۇرغىنىڭلارغا دۇئا قىلىپ: ئى ﷲ! ئۇنى كەچۈرگىن! ئۇنىڭغا رەھمە قىلغىن! دەيدۇ، ئۇنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسلا.»

### 3 ـ ئالدىنقى سەپتە ناماز ئوقۇغانلارغا

«سۈنەنى ئەبي داۋۇد» دا بەرا ئىبنى ئازىب (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلارغا اللە رەھمەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەر مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ.»

«نەسەئى» ۋە «ئىبنى ماجە» لەردىمۇ شۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر بار.

### 4 ـ سەپ ئارىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغانلارغا

«سۈنەنى ئىبنى ماجە» دە ئائىشە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، اللە سەپ تۇزۇپ ناماز ئوقۇغانلارغا رەھمەت قىلىدۇ. اللە نىڭ پەرىشتىلىرى مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. اللە سەپ ئارىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغانلارنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.»

### 5 ـ سوھۇرلۇق يېگەنلەرگە

ئىبنى ھەببان ۋە تەبەراني ئىبنى ئۆمەر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىز ـ كى، اللە تائالا سوھۇرلۇق يېگەنلەرگە رەھمەت قىلىدۇ. اللە نىڭ پەرىشتىلىرى مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ.»

### 6 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد يوللىغا ـ نلارغا

ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ «مۇسنەدى» دە، زىيائ «مۇختارات» دا ئامىر ئىبنى رەبىئە (اللە ئۇنىڭدىن رازى

بولسۇن!) دىن ياخشى ئىسناد بىلەن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر بەندە ماڭا قانچىلىك دۇرۇد يوللىسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. دۇرۇدنى ئاز ياكى كۆپ يوللاشنى ھەر كىشى ئۆزى بەلگىلىسۇن!»

7 ـ كېسەل يوقلىغانلارغا

ئەبۇ داۋۇد ئەلي ئىبنى ئەبۇ تالىب (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم كەچ ۋاقتىدا كېسەل كۆرسە، ئۇنىڭغا تاڭ ئاتقۇچە يەتمىشمىڭ پەرىشتە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ھەم ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر باغ بېرىلىدۇ. ئەتتىگەنلىكى كېسەل كۆرسە، ئۇنىڭغا كەچ كىرگىچە يەتمىشمىڭ پەرىشتە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ھەم ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر باغ بېرىلىدۇ.»

پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىدىن بىزگە نېمە پايدا بار؟

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن سىلەرگە رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ.» (سۈرە ئەھزاب 43 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت كەرىمنىڭ مەزمۇنى شۇكى، بىزنىڭ كۇپرى، شىرىك، گۇناھ ـ مەئسىيەت قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ھەقىقە ـ تكە قايتىپ، توغرا يول تېپىپ، الله نىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ، كامىل مۇسۇلمان بولۇپ، الله قا ئەرزىگىدەك ياخشى بەندىلەردىن بولۇشىمىزدا الله نىڭ رەھمىتى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**4) موئمىنلارنىڭ دۇئاسىغا ئامىن (ئىجابەت قىل!) دېيىش**

پەرىشتىلەر موئمىنلارنىڭ دۇئاسىغا ئامىن دەپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۇئا تېز ئىجابەت بولىدۇ. «سەھىي مۇسلىم» ۋە «سۈنەنى ئىبنى ماجە» دە ئەبۇ دەرداﺋ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇرادىرىگە يوق يېرىدە قىلغان دۇئاسى ئىجا ـ بەت بولىدۇ. دۇئا قىلغۇچىنىڭ قېشىدا بىر پەرىشتە بار بولۇپ، دۇئا قىلغۇچى بۇرادىرىگە ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلسا، پەرىشتە: ئامىن، سەنمۇ ئۇنىڭغا تىلىگىنىڭدەك ياخشىلىق كۆرگىن! دەيدۇ.»

پەرىشتە ئامىن دەپ بەرگەن دۇئا ئىجابەت بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا موئمىن كىشى ئۆزىنى قارغىماسلىقى كېرەك. «سەھىي مۇسلىم» دا ئۇممۇ سەلىمە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلارنى قارغىماڭلار! نېمە دەپ دۇئا قىلساڭلار پەرىشتىلەر شۇنىڭغا ئامىن دەيدۇ.»

**5) موئمىنلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىش**

پەرىشتىلەر زېمىندىكىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ ئاتتىلىقىدىن ئاسمانلار يۇقىرى تەرىپىدىن يېرىلىپ كېتىشكە تاسلا قالىدۇ. پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، يەر يۈزىدىكىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. بىلىڭلاركى الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر،

ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (سۈرە شۇرا 5 ـ ئايەت)

الله سۈرە غافىرنىڭ بىر ئايىتىدە ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ مۆئمىنلارغا ئالاھىدە دۇئالارنى قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۆئمىنلارغا مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن، ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىپسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر.» (سۈرە غافىر 7 ـ 9 ـ ئايەتلەر)

6) پەرىشتىلەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت، زىكرى ـ تەسبىھ ئورۇنلىرىغا ھازىر بولىدىغانلىقى

«سەھي بۇخاري» ۋە «سەھي مۇسلىم» دا شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ يوللارنى ئايلىنىپ، زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتقانلارنى ئىزدەپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى

بار. ئۇلار اللە نى ياد ئېتىۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچراتقانلىرىدا: كېلىڭلار! ئىزدىگىنىڭلار تېپىلدى دېيىشىپ، زىكرى ئېيتقانلارنى دۇنيا ئاسمىنىغىچىلىك قاناتلىرى بىلەن ئورىۋالىدۇ.»

«سەھىي مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئۆيگە جەم بولۇپ، اللە نىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، ئۆز-ئارا مۇزاكىرە قىلىشقان كىشىلەرگە دىل ئاراملىق بېغىشلىنىدۇ. ئۇلارنى اللە نىڭ رەھمىتى ياپىدۇ، پەرىشتىلەر ئورىۋالىدۇ. اللە ئۇلارنى ئۆز دەرگاھىدىكى كىشىلەر ئالدىدا ماختايدۇ.»

«تىرمىزي» دا ئەبۇ دەرداﺋ (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈ-چىنىڭ قىلغانلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭ يولىغا قانىتىنى سېلىپ بېرىدۇ.» (ئۇنىڭغا كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ دېگەن مەنىدە.)

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياخشى ئەمەللەر بىزنى پەرىشتىلەر بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ. ناۋادا ئادەملەر يۈكسەك روھىي ھالىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىسا ئىدى، پەرىشتىلەرنى كۆز بىلەن كۆرۈپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈ-شىدىغان دەرىجىگە يېتەتتى. بۇ ھەقتە «مۇسلىم» ھەنزەلەتەل ئۇسەيدى (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جېنىمنىڭ ئىگىسى بولغان زات بىلەن

قەسەمكى، سلەر مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان ھالىتىڭلارنى ۋە زىكرى ـ تەسبىھنى داۋاملاشتۇرالىساڭلار ئىدىڭلار، پەرىشتىلەر بىلەن ئۆيلىرىڭلاردا ۋە يوللىرىڭلاردا قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولاتتىڭلار.»

«تىرمىزي» نىڭ ھەنزەلە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا ـ لام مۇنداق دېگەن: «مۇبادا سلەر مېنىڭ ئالدىمدىكى ھالىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرالىساڭلار ئىدىڭلار، پەرىشتىلەر سلەرگە قاناتلىرى بىلەن سايە تاشلاپ بەرگەن بولاتتى.»

7) پەرىشتىلەرنىڭ جۈمە نامىزىغا كەلگەنلەرنى خاتىرلەيدىغانلىقى

پەرىشتىلەر جۈمەگە بۇرۇن كەلگەنلەرنى ئىلگىرى كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن خاتىرلەيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جۈمە كۈنىدە پەرىشتىلەر مەسجىدنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، جۈمەگە كەلگەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرلەيدۇ. ئىمام خۇتبە ئوقۇشقا چىققاندا، ئۇلار دەپتەرلىرىنى قاتلاپ، خۇتبە تىڭشايدۇ.» (بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

پەرىشتىلەر يەنە بەندىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان ياخشى سۆزلەرنى ئالاھىدە خاتىرلەيدۇ. «سەھي بۇخا ـ ري» دا رىفائە ئىبنى رافىئززەرقي (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە: «سمع الله لمن حمده» دېۋىدى، بىر

كىشى: «ربنا ولك الحمد حمدا كثيرا □يبا مباركا فيه» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام نامازدىن قايتقاندا: بۇ سۆزنى قىلغۇچى كىم؟ دېدى. ھىلىقى كىشى: مەن، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى: الله بىلەن قەسەم، ئوتتۇز نەچچە پەرىشتىنىڭ بۇ سۆزنى بىرىنچى بولۇپ يېزىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.»

بۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئوتتۇز نەچچە بولغانلىقىغا قارىغاندا، ئالاھىدە ياخشى ئىشنى خاتىرلەيدىغان پەرىشتىلەر نامە ـ ئەمالنى خاتىرلەيدىغان پەرىشتىلەردىن باشقىدۇر.

## 8) پەرىشتىلەرنىڭ نۆۋەت ئالمىشىدىغانلىقى

يوللاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، زىكرى ئېيتقۇچىلارنى ئىزدەيدىغان، جۈمە نامازلىرىغا ھازىر بولىدىغان پەرىشتىلەر بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدا نۆۋەت ئالمىشىدۇ. «سەھي بۇخاري» ۋە «سەھي مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا الله نىڭ نۆۋەتچى پەرىشتىلىرى بار. ئۇلار بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدا جۇغلىشىدۇ. ئاندىن كېيىن، سىلەر بىلەن بىرگە تۇرغانلار الله نىڭ دەرگاھىغا چىقىدۇ. بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنى پەرىشتىلەردىن ئوبدانراق بىلىپ تۇرغان الله: بەندىلىرىمنى قايسى ھالەتتە قالدۇرۇپ كەلدىڭلار؟ دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە قالدۇرۇپ كەلدۇق، بىز بارغاندىمۇ ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.»

بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى الله نىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ

چىقىدىغىنى ئاشۇ نۇۋەتچى پەرىشتىلەر بولسا كېرەك.

«سەھىي مۇسلىم» دا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىمىزدا تۇرۇپ، تۆۋەندىكى بەش جۈملە سۆزنى دەپ بەردى: غالىب ۋە كاتتا بولغان اﷲ ئۇخلىمايدۇ، ئۇيقۇغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ، رىزىقنى كەڭ قىلىدۇ ۋە تار قىلىدۇ. كېچىنىڭ ئەملى كۈندۈزدىن بۇرۇن اﷲ قا كۆتۈرۈلىدۇ، كۈندۈزنىڭ ئەملى كېچىدىن بۇرۇن اﷲ قا كۆتۈرۈلىدۇ....»

بامدات نامىزىغا پەرىشتىلەر ھازىر بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، اﷲ بۇ نامازنى ئۇلۇغلاپ مۇنداق دەيدۇ: «بامدات نامىزىنى ئوقۇغىن! كېچە ـ كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ.» (سۈرە ئىسرا 78 ـ ئايەت)

**9) پەرىشتىلەرنىڭ موئمىن قۇرئان قىرائەت قىلغاندا چۈشىدىغانلىقى**

قۇرئان قىرائەت قىلىنغاندا، ئاسماندىن چۈشىدىغان پەرىشتىلەر بار. «سەھىي مۇسلىم» دا بەرا ئىبنى ئازىب (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم سۈرە كەھفنى قىرائەت قىلدى، ئۇنىڭ ھويلىسىدا بىر ئۇلاغ بار ئىدى، بۇ ئۇلاغ ئۈركىگىلى تۇردى، قارىسا ئۇنى بىر بۇلۇت يېپىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئوقۇۋەرگىن! شۈبھىسىزكى، ئۇ قۇرئان قىرائەت قىلىنغاندا چۈشىدىغان ئاراملىق بېغىشلىغۇچى پەرىشتىلەردۇر.»

ئەبۇ سەئىيدىل خۇدرىي (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىر كېچىسى خورما قۇرۇتىدىغان يېرىدە قۇرئان قىرائەت قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئېتى سەكرەپ كەتتى. قىرائەت قىلسا سەكرىدى، قىرائەتنى توختاتسا سەكرىمىدى. بۇ ئىش نەچچە قېتىم شۇنداق بولدى. ئۇسەيد مۇنداق دېدى: «ئات بالامنى دەسسىۋەتمىسۇن دەپ ئاتنىڭ قېشىغا بارسام، ئۈستۈمدە سايىدەك بىر نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە چىراغدەك بىرنەرسىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ نەرسە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كېيىن مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، مۇنداق دېدىم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! تۈن كېچىدە خورما قۇرۇتىدىغان يېرىمدە قۇرئان قىرائەت قىلىۋاتاتتىم، ئېتىم سەكرەپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئوقۇۋەر! دېدى. مەن: ئوقۇۋەرسەم يەنە سەكرىدى، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئوقۇۋەر! دېدى. مەن: ئوقۇۋەرسەم يەنە سەكرىدى، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئوقۇۋەر! دېدى. مەن: ئوقۇۋەرسەم يەنە سەكرىدى، ئوغلۇم يەھيا ئاتقا يېقىن يەردە ئىدى، ئات ئوغلۇمنى دەسسىۋەتمىسۇن دەپ قىرائەتنى توختىتىپ، ئاتنىڭ قېشىغا كەلسەم، سايىدەك بىر نەرسىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدا چىراغدەك نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، كېيىن مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ سايىدەك نەرسە قىرائىتىڭنى تىڭشاۋاتقان پەرىشتىلەر ئىدى، قىرائەت قىلىۋەرگەن بولساڭ، تاڭ ئاتقاندا ئۇ پەرىشتىلەرنى كىشىلەرمۇ كۆرەلەيتتى، ئۇلار

ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالمايتتى، دېدى.»

**10) پەرىشتىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۈممىتىنىڭ سالامىنى يەتكۈزىدۇ**

«نەسەئى» ، «دارىمي» ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ زېمىننى ئايلىنىپ يۈرگۈچى پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار ماڭا ئۈممىتىمنىڭ سالامىنى يەتكۈزىدۇ.»

**11) پەرىشتىلەرنىڭ مۇئمىنلارغا خۇشخەۋەر بېرىشى**

پەرىشتىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ياخشى بىر بالا بېرىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن: «ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ، سالام دېدى. ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. ئىچىدە (ناتونۇش ئادەملەرغۇ؟) دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ، پىشۇرۇلغان بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، يېمەمسىلەر؟ دېدى. ئۇلارنىڭ تاماق يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ دىلىدا ئۇلاردىن قورقتى. ئۇلار قورقمىغىن! دېدى. ئۇلار ئىبراھىمغا بىلىملىك بىرئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بەردى.» (سۈرە زارىيات 24 ـ 28 ـ ئايەتلەر)

پەرىشتىلەر زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامغا يەھيانىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى. «زەكەرىيا ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ساڭا الله نىڭ كەلىمىسى ئىسانى تەستىق قىلغۇچى، سەييد،

پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ، دەپ نىدا قىلدى.»
(سۈرە ئال ئىمران 39 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەرگىلا خۇشخەۋەر بېرىپ قالماستىن، بەلكى يەنە، مۆئمىنلارغىمۇ خۇشخەۋەر بېرىدۇ. «سەھىي مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم باشقا بىر يۇرتتىكى بۇرادىرىنى يوقلاپ باردى، اللّٰه ئۇنىڭغا يولدا بىر پەرىشتىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئۇ كىشى پەرىشتىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، پەرىشتە ئۇنىڭغا: قەيەرگە بارىسەن؟ دېدى. ئۇ كىشى: بۇ يۇرتتىكى بۇرادىرىمنى يوقلىغىلى بارىمەن، دېدى. پەرىشتە: ئۇنىڭدىن بىرەر مەنپەئەتنى كۆزلەپ بارامسەن؟ دېدى. ئۇكىشى: ياق، ئۇنى خۇدالىق ئۈچۈن دوست تۇتۇپ بارىمەن، دېدى. پەرىشتە مۇنداق دېدى: مەن اللّٰه نىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن، سەن ئۇكىشىنى خۇدالىق ئۈچۈن دوست تۇتقانلىقىڭدىن، اللّٰه سېنى دوست تۇتتى.»

«سەھىي بۇخاري» ۋە «سەھىي مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «جىبرىئىل قېشىمغا كېلىپ: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! خەدىچە ساڭا بىر قاچا تاماق ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا اللّٰه نىڭ ۋە مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈز! ھەم جەننەتتىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز بىر ئۆي بىلەن بىشارەت بەرگىن! دېدى.»

## 12) پەرىشتە ۋە چۈش

«سەھي بۇخاري» دا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا بىرەر كىشى چۈش كۆرسە، چۈشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلاتتى. مەنمۇ بىر چۈش كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ياشلىق كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە مەسجىدتە ئۇخلاپ مۇنداق چۈش كۆرۈپتىمەن: ئىككى پەرىشتە مېنى دوزاخقا ئېلىپ باردى. دوزاخ قۇدۇققا ئوخشايدىكەن. دوزاخنىڭ ئىككى تەرىپى قۇدۇقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشايدىكەن، دوزاختا مەن تونۇيدىغان ئادەملەرمۇ بارئىكەن. مەن: «الله قا سېغىنىپ، دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىلى تۇردۇم، ئالدىمىزغا يەنە بىر پەرىشتە ئۇچراپ ماڭا: قورقمىغىن! دېدى.»

«سەھي بۇخاري» دا ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن: چۈشۈمدە بىر پەرىشتە يىپەك يۆگەكنى ئەكىلىپ، بۇ سېنىڭ ئايالىڭ دېدى. يۆگەكنى ئېچىپ قارىسام سەن ئىكەنسەن. مەن مۇنداق دېدىم: ئەگەر بۇ، الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا، الله ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.»

## 13) پەرىشتىلەر موئمىنلار بىلەن جەڭگە قاتنىشىپ، ئۇلارغا كۆڭۈل قۇۋۋىتى بېرىدۇ

الله موئمىنلاغا بەدرى ئۇرۇشىدا نۇرغۇن پەرىشتىلەر

بىلەن مەدەت بەرگەن: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارـ ىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار. الله سىلەرگە: ئارقىمۇ ـ ئارقا چۈشىدىغان مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن، دەپ تىلىكىڭلارنى ئىجابەت قىلدى.» (سۈرە ئەنفال 9 ـ ئايەت)

«الله سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى. ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار. الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن الله تىن قورقۇڭلار! ئى مۇھەممەد! ئۆز ۋاقتىدا سەن مۆئمىنلەرگە: پەرۋەرـ دىگارىڭلار سىلەرگە ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرسە يەنە يەتمەمدۇ؟ دەيتتىڭ. شۇنداق، ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر سەۋرى قىلساڭلار، الله تىن قورقساڭلار، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران 123 ـ 125 ـ ئايەت)

«سەھي بۇخاري» دا ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنىسىدە مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل تولۇق قوراللىنىپ، ئېتىنىڭ تېزگىنىنى تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ.» الله پەرىشتىلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرگە پەقەت غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا بشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. . . . ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: مەن سىلەر بىلەن بىللە،

موئمىنلارنى ساباتلىق قىلىڭلار! كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن. كاپىرلارنىڭ گەدەنلىرىگە چېپىڭلار! ھەممە ئەزاسىغا چېپىڭلار! دەپ ۋەھيي قىلدى.» (سۈرە ئەنفال 10 ـ 12 ـ ئايەتلەر)

اﷲ سۈرە ئال ئىمراندا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «اﷲ پەرىشتىلەر بىلەن ياردەم بېرىشنى پەقەت سىلەرگە خۇشخەۋەر بولسۇن ۋە دىلىڭلار شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولسۇن دەپ قىلدى. ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى اﷲ تەرىپىدىندۇر. اﷲ نىڭ ياردىمى كاپىرلارنىڭ بىر تۈركۈمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز ھالدا مەغلۇب بولۇشلىرى ئۈچۈندۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 126 ـ 127 ـ ئايەت)

بىر مۇسۇلمان جەڭچى پەرىشتىنىڭ بىر كاپىرنى ئۇرۇپ يىقىتقانلىقىنى ۋە ئېتىنى دىۋىتكەنلىكىنى ئاڭلىغان. «سەھيي مۇسلىم» دا ئىبنى ئابباس (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر مۇسۇلمان كىشى ئالدىدىكى بىر مۇشرىكنى قوغلاپ كېتىپ باراتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ، ئۈستىدىن ئۇرۇلغان بىر قامچا ئاۋازىنى ۋە بىر چەۋەندازنىڭ: ئالغا! دەۋا ـ تقىننى ئاڭلاپ، ئالدىدىكى مۇشرىكقا قارىدى. مۇشرىك ئوڭدىسىغا يىقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرنى قامچا بىلەن ئۇرغاندەك پىچۋېتىلگەن، يۈزى يېرىلغان، پۈتۈن ئەزايى قانغا بويالغان ئىدى. بۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، يۇقىرقى ئەھۋالنى بايان قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: راست ئېيتتىڭ، بۇ

ئۈچۈنجى ئاسماندىن كەلگەن ياردەم دېدى.»

پەرىشتىلەر باشقا جەڭلەرگىمۇ قاتناشقان. خەندەك ئۇرۇشىدا الله تائالا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن: «ئى موئمىنلار! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلەر! ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلەرگە كۆپپارلار قوشۇنى كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان پەرىشتە قوشۇننى ئەۋەتتۇق.» (سۈرە ئەھزاب 9 ـ ئايەت)

سەھي ھەدىس كىتابلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك ئۇرۇشىدىن قايتىپ، جەڭ كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، غۇسلى قىلىپ تۇرۇشىغا جىبرىئىل كېلىپ، ئۈستى بېشىدىن چاڭ ـ توزانلارنى قېقىشتۇرۇپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: «جەڭ كىيىمىنى سېلىۋېتىپ بولدۇڭمۇ؟ الله بىلەن قەسەم، بىز تېخى جەڭ كىيىمىنى سالمىدۇق. ئۇلارغا يۈرۈش قىلغىن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمگە؟ دېۋىدى، جىبرىئىل بەنى قۇرەيزىنى ئىشارەت قىلدى.

«سەھي بۇخارى» دا ئەنەس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى قۇرەيزىگە يۈرۈش قىلغاندا، جىبرىئىل قوشۇنىنىڭ بەنى غەنەم كوچىلىرىدا چاڭ ـ توزان توزۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقى ھىلىمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.»

**14) پەرىشتىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغانلىقى**

«سەھي مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«ئەبۇ جەھىل: مۇھەممەد ھېلىمۇ ئاراڭلاردا يەرگە ئۇسسۇمدۇ؟ دېدى. ئۇ «ھەئە» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ گەدىنىگە دەسسەيمەن ياكى ئۇنى توپىغا پۇچىلىۋېتىمەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇ ـ ۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەدىنىگە دەسسىمەكچى بولۇپ كەلدى ـ يۇ، ئىككى قولى بىلەن ئۆزىنى دالدا قىلىپ كەينىگە داجىدى. ئۇنىڭدىن نېمە بولدۇڭ؟ دەپ سورىلىۋىدى، ئۇ: مۇھەممەد بىلەن مېنىڭ ئارامدا بىر ئوت ئازگىلى ۋە قورقۇنۇچلۇق قاناتلار پەيدا بولدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇ ماڭا يېقىنلاشقان بولسا، ئۇنى پەرىشتىلەر پارچە ـ پارچە قىلىۋېتەتتى.»

## 15) پەرىشتىلەرنىڭ ياخشى بەندىلەرنى قوغدا ـ يدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغانلىقى

ﷲ پەيغەمبەر بولمىغان بەزى ياخشى بەندىلەرنى قوغداشقىمۇ پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. ئىبنى كەسىر بۇھەقتە: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغىنى.... كىم؟» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: «بىر ئادەم ئەبۇ بەكرى مۇھەممەدكە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن مۇنۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: مەن دەمە ـ شقتىن زەبدانى شەھىرىگە خېچىر ھەيدەپ كىراكەشلىك قىلاتتىم. بىر قېتىم بىر ئادەمنى كىرا قىلىپ، ناتونۇش يول بىلەن مېڭىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: بۇ يول يېقىن، دېدى.

مەن: بۇ يولغا ماڭمىسامىمكىن! دېدىم. ئۇ: بۇ يول بەك يېقىن، دېدى. بىز شۇنداق قىلىپ، شۇ يولدىن مېڭىپ، ئادەمسىز پاتقاق بىر جىلغىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ ماڭا: خىچىرىڭنى توختات! يەرگە چۈشمەن دەپ خىچىردىن چۈشۈپ، يەڭ پەشلىرىنى تۈرۈپ، خەنجىرىنى چىقىرىپ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدىن قاچتىم. ئۇ مېنى قوغلىدى، مەن ئۇنىڭغا: خۇدا ھەققى، خىچىرىمنى يۈك-تاقلىرى بىلەن قوشۇپ ساڭا بېرەي، دەپ يېلىندىم. ئۇ، خىچىر مېنىڭ، سېنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا اﷲ نىڭ جازاسىنى ئەسلەتتىم. ئۇ يەنىلا گەپ يېمىدى. ئاخىرى مەن ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپ مۇنداق دېدىم: ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالغىلى قويغىن! ئۇ: چاققان بول! دېدى. مەن نامازغا تۇردۇم. ئايەتكە ئېغىزىم كەلمىدى. بىر ھەرپىنمۇ يادىمغا ئالالماي، گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ مېنى: «تېز بول!» دەپ ئالدىرىتاتتى. اﷲ مېنىڭ تىلىمغا: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغىنى، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرىۋېتىدىغىنى كىم؟...» دېگەن ئايەتنى كەلتۈردى. شۇئان قارىسام، جىلغىنىڭ ئېغىز تەرىپىدىن قولىدا نەيزە تۇتقان بىر چەۋەنداز كېلىۋاتىدۇ. ئۇ نەيزىنى مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمگە ئاتتى. نەيزە ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، ئۇ يىقىلدى. مەن چەۋەندازغا ئېسىلىپ مۇنداق دېدىم: خۇدا ھەققى، كىم سەن؟ ئۇ مۇنداق دېدى: مەن بېشىغا كۈن چۈشكەن كىشى دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان، ۋە ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى

كۆتۈرۈۋېتىدىغان زاتنىڭ ئەلچىسىمەن. شۇنداق قىلىپ مەن خىچىرىم ۋە يۈك ـ تاقلىرىمنى ئېلىپ سالامەت قايتىپ كەلدىم.»

جۇملىدىن الله جىبرىئىلنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەككىگە ئەۋەتكەن. «سەھي بۇخاري» دا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ساپا ـ مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سۇ ئىزدەپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلىكتە ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھاجەر مەرۋىگە يېقىنلاشقاندا بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە «توختا» دەپ شۇ يەردە قۇلاق سالدى. ھاجەر: ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم، ياردىمىڭ بولسا كۆرسەت! دېيىشىگە، زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئورنىدا بىر پەرىشتە پەيدا بولۇپ، قانىتى بىلەن يەرنى كولىدى، سۇ چىقتى. پەرىشتە ھاجەرگە مۇنداق دېدى. زايا بولۇپ كېتىشتىن قورقماڭلار! بۇ جايدا الله نىڭ ئۆيى بار. بۇ ئۆينى مۇشۇ بالا ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى سالىدۇ، الله سىلەرنى زايا قىلمايدۇ.»

بۇ پەرىشتە جىبرىئىل ئىدى. «مۇسنەد» دە ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇبەي ئىبنى كەئبى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جىبرىئىل زەمزەم قۇدۇقىد ـ ىن سۇ چىقارغاندا، ئىسمائىلنىڭ ئانىسى سۇنى قاشالىۋا ـ لدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: « الله ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەرگە رەھمە قىلسۇن! ئۇ

زەمزەمنى قاشالىمغان بولسا، زەمزەم سۈيى ئاقىدىغان بۇلاق بولاتتى.»

**16) پەرىشتىلەرنىڭ سالىھلارنىڭ جىنازا نامىزىغا هازىر بولىدىغانلىقى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد ئىبنى مۇئاز (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەرشى تىترىدى، ئاسمانىنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلدى، يەتمىش مىڭ پەرىشتە هازىر بولدى، ئۇنى قەبرە بىر سىقىپلا قويۇۋەتتى.» (نەسەئي رىۋايىتى)

**17) پەرىشتىلەرنىڭ شېھىدلەرگە قاناتلىرى بىلەن سايە تاشلاپ بېرىدىغانلىقى**

«بۇخاري» دا جابىر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «دادام ئۆلۈكى پارچىلىۋېتىلگەن ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلە-يھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويۇلدى. مەن بېرىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئاچماقچى بولىۋىدىم، تۇغقانلىرىم مېنى توستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايالنىڭ هازا قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مۇنداق دېدى: «نېمىشقا يىغلايسەن؟ ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر قانىتى بىلەن سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.»

**18) ساندۇق ئېلىپ كەلگەن پەرىشتىلەر**

الله تالۇت دېگەن كىشىنى بەني ئىسرائىلغا پادىشاھ قىلىپ بەرگەن. ئۇلار ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا قايىل بولغىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن، الله پەرىشتىلەردىن بىر تەۋەررۈك ساندۇق ئەۋەتىش ئارقىلىق، تالۇتنىڭ الله تەرىپىدىن

تاللانغانلىقىغا ئۆلارنى قايىل قىلغان. اللّٰه بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بەني ئىسرائىلغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى، تالۇ - تىنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان نەرسە ۋە مۇسانىڭ ھارۇننىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلىرى قاچىلانغان بولىدۇ. ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ.» (سۈرە بەقەرە 248 - ئايەت)

## 19) پەرىشتىلەرنىڭ مەككە، مەدىنەنى دەججا - لدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقى

دەججال چىققاندا ھەممە شەھەرگە كىرىدۇ، پەقەت مەككە، مەدىنىنى پەرىشتىلەر ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ ئىككى شەھەرگە كىرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە «سەھىي مۇسلىم» دا پاتىمە بىنتى قەيس (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، دەججال مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئۇزۇنغا قالماي چىقىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ. مەن چىقىپ زېمىننىڭ ھەممەيېرىگە بارىمەن. قىرىق كۈن ئىچىدە مەككە، مەدىنىدىن باشقا ھەر قانداق يۇرتنى قالدۇرماي بارىمەن. مەككە، مەدىنىگە كىرىش ماڭا چەكلەنگەن. مەن بۇ ئىككى شەھەرگە ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىگە كىرمەكچى بولسام، پەرىشتە مېنى قولىدىكى يالىڭاچ قىلىچ بىلەن توسىدۇ. بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ھەربىر كىرىش ئېغىزلىرىغا قوغدىغۇچى پەرىشتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.»

«بۇخاري» ئەبي بەكرە (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەدىنىگە دەججالنىڭ

قورقۇنجىسى كىرمەيدۇ. شۇ كۈنلەردە مەدىنىنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولىدۇ، ھەر دەرۋازىدا ئىككى پەرىشتە مۇھا ـ پىزەتتە تۇرىدۇ.»

«سەھى بۇخارى» دا يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەدىنىنىڭ كىرىش ئېغىزلىرىدا مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر بار. مەدىنىگە ۋابا كېسىلى ۋە دەججال كىرەلمەيدۇ.»

**20) ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پەرىشتىنىڭ ھەمراھلىقىدا چۈشىدىغانلىقى**

«تىرمىزى» دا نەۋۋاس ئىبنى سەمئان (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەججال توغرىسىدا سۆزلىگەن ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «دەججال چىققاندا، ئىيسا ئەلەيھىسسا ـ لام دەمەشقنىڭ شەرقىدىكى ئاق مۇنارنىڭ قېشىغا قولىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قانىتىغا قويغان ھالەتتە قىزغۇچ سېرىق كىيىم كىيىپ چۈشىدۇ.»

**21) پەرىشتىلەرنىڭ شام ئۈستىدە قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىشى**

زەيد ئىبنى سابىتىل ئەنسارى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم: «شامغا خۇشمۇبارەك بولسۇن! شامغا خۇشمۇبارەك بولسۇن!» ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى نېمىشقا شۇنداق؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: چۈنكى، الله نىڭ پەرىشتىلىرى شام ئۈستىدە قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىدۇ،

دېدى.»

22) پەرىشتىلەرگە ئۆيغۇنلىششىنىڭ ساۋابى

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئامىين دېگەندە ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ ئامىين دەيدۇ. مۇشۇ ئىككى ئامىين دېيىش ئۆز ـ ئارا توغرا كەلگەندە، ئامىين دېگۈچىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.» (بۇخارى رىۋايىتى)

«سەھىي بۇخارى» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىمام: «سمع الله لمن حمده» دېسە، سىلەر: «ربنا ولك الحمد» دەڭلار! بۇنى دېگۈچىنىڭ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.»

2 ـ موئمىنلار بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

پەرىشتىلەر الله نىڭ تاللانغان، ئىلغار، مەرتىۋىلىك بەندىلىرى بولۇپ، الله قا ئىبادەت قىلىدىغان، الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان موئمىنلار پەرىشتىلەرنى ھۆرمە ـ تلىشى، ئىززەتلىشى ۋە پەرىشتىلەرگە ئازار بېرىدىغان قىلمىشلاردىن يىراق بولۇشى لازىم. بىز بۇ پاراگرافتا بۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرمە ـ كچىمىز.

1 ـ پەرىشتىلەرگە ئازار بەرمەسلىك

ئۆلىمالار پەرىشتىلەرنى تىللىغان ياكى ئۇلارغا ئەيىب قىلغان كىشىلەرگە ئېغىر جازا بارلىقىنى بايان قىلدى. ئەللامە سۇيۇتىينىڭ دېيىشىچە، قازى ئىياز «ئەششىپائ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «سەھنۇن مۇنداق دېدى: پەرىشتىنى تىللىغان كىشىگە ئۆلۈم جازاسى

بىرىلدۇ. ئەبۇل ھەسەن قابۇسى مۇنداق دېدى: بىر ئادەم پەرىشتىنى سۆكۈش مەقسىتىدە: «مالىك ئاچچىقلىغاق» دېسە، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى كېلىدۇ. قازي ئىياز مۇنداق دېدى: قۇرئان ياكى ھەدىستە نامى تىلغا ئېلىنغان پەرىشتىلەرنى ياكى مۇسۇلمانلار بىردەك پەرىشتە دەپ قارىغانلارنى تىللىغانلارغا ئەنە شۇنداق جازا بېرىلىدۇ. مەسىلەن: جىبرىئىل، مىكائىل، مالىك، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر، زەبانىيلەر، ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر، ئەزرائىل، ئىسراپىل، رىزۋان، نامە ـ ئەمالنى خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر، مۇنكىر، نەكىر قاتارلىقلارنى تىللىغانلار.

ئەمما ھارۇت، مارۇتتەك پەرىشتىلىكى ئېنىق ئىسپاتلانمىغانلارنى تىللىغانلارغا قارىتا ھۆكۈم ئۇنداق قاتتىق ئەمەس.»

سۇيۇتي قەراپىيل مالىكىينىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىدۇ: «شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەربىر مۇكەللەپ بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئۇلۇغلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئابرۇيىغا چېقىلغانلار كاپىر بولىدۇ. مەيلى ئوچۇق سۆز بىلەن چېقىلسۇن ياكى كىنايە سۆز بىلەن چېقىلسۇن ئوخشاش. مەسىلەن: جازا پەرەس بىر ئادەمنى كۆرگەندە كەم سۇندۇرۇش نىيتى بىلەن: بۇ، دوزاخ مۇئەككىلى مالىكتىن رەھىمسىزراق ئىكەن دېسە؛ بەتچىراي بىر ئادەمنى كۆرگەندە، كەم سۇندۇرۇش نىيتى بىلەن: بۇ مۇنكىر، نەكىردىن سەترەك ئىكەن دېسە، كاپىر بولىدۇ.»

**2 ـ گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن يىراق بولۇش**

پەرىشتىلەرگە كۈپرى، شىرىك، گۇناھ ـ مەئسىيەت ئەڭ قاتتىق ئازار بېرىدۇ. شۇڭا، پەرىشتىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئىخلاسمەن بولۇپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى پۈتۈن ـ نلەي تەرك ئېتىش كېرەك. پەرىشتىلەر گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىنىدىغان ئۆيلەرگە، ئاللاھ ئۆچ كۆرىدىغان نەرسىلەر بار جايلارغا كىرمەيدۇ. گۇناھكارغا يېقىن يولىمايدۇ. ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرىدا نۇرغۇن ساھابىلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۈرەت، ئىت ۋە جىنابەت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ.»

بۇ ھەدىسنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىدا: «سۈيدۈك، ھەيكەل، قوڭغۇراق بار ئۆيلەرگىمۇ پەرىشتە كىرمە ـ يدۇ» دېيىلگەن. بەززار سەھىي ئىسناد بىلەن شۇنداق رىۋايەت قىلدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەمگە پەرىشتە يېقىن كەلمەيدۇ: مەستكە، زەپە سۈرتكۈچىگە ۋە جىنابەتكە.»

ئەبۇ داۋۇد ئەممار ئىبنى ياسىر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن ياخشى ئىسناد بىلەن شۇنداق رىۋايەت قىلدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشىگە پەرىشتە يېقىن كەلمەيدۇ: كاپىر ـ نىڭ تاپىسىغا، جىنابەت تۇرۇپ يۇيۇنمىغۇچىغا، زەپە سۈرتكۈچىگە.»

### 3 ـ ئادەملەرگە ياقمىغىنى پەرىشتىلەرگىمۇ ياقمايدۇ

ئادەملەرگە ياقمىغىنى پەرىشتىلەرگە ياقمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلارغا سېسىق پۇراق، كىر ـ قاسماق ۋە نىجاسە ـ تلەر ياقمايدۇ. «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم» جابىر ئىبنى

ئابدۇللاھ (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پىياز، سامساق، كۈدە يېگەنلەر بىزنىڭ مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن! چۈنكى، ئادەملەرگە ياقمىغان پۇراق پەرىشتىلەرگىمۇ ياقمايدۇ.» پىياز، سامساقنىڭ سىسىق پۇرىقىنى پۇرىتىپ مەسجىدكە كەلگەنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۆرىستاني بەقىيگە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغان. «سەھي مۇسلىم» دا شۇ مەزمۇندا ھەدىس بار.

## 4 ـ نامازدا ئوڭ يېنىغا تۈكۈرمەسلىك

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرغاندا ئوڭ يېنىغا تۈكۈرۈشتىن توستى. چۈنكى ناماز ئوقۇغۇچى نامازدا تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا بىر پەرىشتە تۇرغان بولىدۇ. «سەھي بۇخاري» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلە ـ يھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا، ئالدىغا تۈكۈرمىسۇن! چۈنكى ئۇ نامازدا  اللە قا مۇناجات قىلىۋاتقان بولىدۇ. ئوڭ يېنىغىمۇ تۈكۈرمىسۇن! چۈنكى ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا پەرىشتە بار. سول يېنىغا ياكى ئاستىغا تۈكۈرۈپ كۆمۈۋەتسە بولىدۇ.»

## 5 ـ پەرىشتىلەرنى دوست تۇتۇش

مۇسۇلمان كىشى بارلىق پەرىشتىلەرنى بىردەك دوست تۇتۇشى كېرەك. پەرىشتىلەرنىڭ بىرىنى دوست تۇتۇپ، بىرىنى دۈشمەن تۇتۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى پەرىشتىلەر اللە قا ئىتائەت قىلىشتا، اللە نىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈشتە ئوخشاش بولۇپ، بىر بىرىدىن پەرىقلەنمەيدۇ. يەھۇد ـ يىلار: جىبرىئىلنى دۈشمىنىمىز، مىكائىلنى دوستىمىز دەپ

دەۋا قىلغان. اللّٰه ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەرگە مۇنداق پەرىقلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم اللّٰه قا دۈشمەندۇر. چۈنكى جىبرىئىل اللّٰه نىڭ ئەمرى بىلەن ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، موئمىنلارغا بىشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى. كىمكى اللّٰه نى، اللّٰه نىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، اللّٰه نى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، اللّٰه كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ.» (سۈرە بەقەرە 97 ـ 98 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، پەرىشتىلەرنى بىردەك دوست تۇتماي، يەھۇدىيلارغا ئوخشاش بىرىنى دوست، بىرىنى دۈشمەن تۇتۇش ئەقىلغە سىغمايدىغان خوراپاتتۇر. يەھۇدىيلار: جىبرىئىل ئازاب ئېلىپ كىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى بىز دۈشمەن تۇتىمىز؛ مىكائىل ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا بىز ئۇنى دوست تۇتىمىز دەيدۇ. بۇ بىر ئاقماس سەپسەتىدۇر.

## 4 ـ پاراگراف: پەرىشتىلەرنىڭ كاپىر ۋە پاسىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بىز يۇقىردا پەرىشتىلەرنىڭ مۆئمىنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايان قىلدۇق. بۇ جەرياندا پەرىشتىلەرنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدىغانلىقى، بەلكى ئۇلارنى دۈشمەن تۇتۇپ، بەدرى ۋە ئەھزاپ ئۇرۇشلىرىدىكىدەك ئۇلارنىڭ دىلىغا قورقۇنچ تاشلايدىغانلىقى، پەرىشتىلەر-نىڭ كاپىرلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى مەلۇم دەرىجىدە بايان قىلىندى. بۇ جايدا بۇ مەسىلىنى تەپسىلى يورۇتماقچىمىز.

### 1- كاپىرلارغا ئازاب ئېلىپ چۈشۈش

پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرى ئۇلارنى يالغانغا چىقىر-ىپ، كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىرىدا، اﷲ ئۇلارغا پەر-ىشتىلەر ئارقىلىق ئازاب ئەۋەتىپ جازالىغان.

### 2- پەرىشتىلەرنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋ-مىنى ھالاك قىلغانلىقى

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىشقا بۇيرۇ-لغان پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە چىرايلىق مېھمان يىگىتلەر قىياپىتىدە كەلگەن. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى كاپىرلارغا خەۋەر بېرىپ قويغان. كاپىرلار بۇ چىرايلىق مېھمانلار بىلەن بەچچىۋا- زلىق قىلىش ئۈچۈن، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىگە قىستاپ كەلگەن. لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى توسۇپ، قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇلار ئۇنىمىغان. جىبرىئىل قانىتى بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۇلارنىڭ كۆزىنى كۆرمەس قىلىۋەتكەن. ئىبنى كەسىرنىڭ دېيىشىچە: جىبرىئىل ئۇلارنى قانىتىنىڭ ئۇچى بىلەن بىر پەشۋالاپ، ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ يوق قىلىۋەتكەن. اﷲ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا، لۇت ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ قىيىن ئەھۋالدا قالدى، يۈرىكى سىقىلدى ۋە: بۇ بىر دىشۋار كۈندۇر دېدى. لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى. ئۇلار بۇرۇنلا يامان ئىشلارنى قىلاتتى. لۇت ئېيتتى: ئى قەۋمىم! قىز ئاياللار سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، الله تىن قورقۇڭلار! مېھمانلىرىم ئۈستىدە مېنى رەسۋا قىلماڭلار! ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟ ئۇلار مۇنداق دېدى: قىز ئاياللارغا ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ! شۇنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ! لۇت ئېيتتى: كاشكى مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى ياكى ئېلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى، چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم. پەرىشتىلەر: ئى لۇت! شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەر ـ دىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز. ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ...دېدى.» (سۈرە ھۇد 77 ـ 81 ـ ئايەتلەر)

شۇ كېچىسى سۇبھى ۋاقتىدا الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى: «بىزنىڭ جازالاش بۇيرۇقىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتۇق. ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى. ئۇ يۇرتلار زالىملاردىن يىراق ئەمەس.» (سۈرە ھۇد 82 ـ 83 ـ ئايەت»

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«جىبرىئىل لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ھويلا ـ ئىمارەت ـ تىلىرى، مال ـ ۋارانلىرى، چارۋا ـ قوتانلىرى بىلەن قوشۇپ يۇلۇپ ئالدى. ھەتتاكى ئاسماندىكىلەر ئۇلارنىڭ ئىتلىرى ـ ئىنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئاندىن ئۇلارنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى. جىبرىئىل ئۇلارنى ئۆز قانىتىنىڭ ئۇچى بىلەن يۇلۇپ ئالغان.»

ئىبنى كەسىر يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنى بايان قىلدى. بۇنىڭغا ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرمىدى.

3 ـ پەرىشتىلەرنىڭ كاپىرلارغا لەنەت قىلىشى

اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان ئېيتقاندىن، پەيغەمبەر نىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شاھىد بولغاندىن ۋە ئۆزلىرىگە روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن كاپىر بولغان قەۋمنى اللە قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن! اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. اللە نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچراش ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 86 ـ 87 ـ ئايەتلەر)

«شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ، كاپىر پېتى ئۆلگەنلەر چوقۇم اللە نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 161 ـ بەت)

پەرىشتىلەر كاپىرلارغا لەنەت قىلىپلا توختاپ قالماستىن بەلكى يەنە تۆۋەندىكىدەك گۇناھلارنى قىلغان مۇئمىنلارغىمۇ لەنەت قىلىدۇ:

1) ئېرىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغان ئايالغا

«سەھي بۇخاري» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەر ئايالنى تۆشەككە چاقىرسا، ئايال كەلگىلى ئۇنىمىسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقىچىلىك لەنەت قىلىدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئېرىنىڭ گېپىگە كىرگىچە» دەپ بار.

## 2) مۇسۇلمانغا تىغ تەڭلىگەن ئادەمگە

«سەھي مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇرادىرىگە تىغ تەڭلىگەن كىشىگە پەرىشتىلەر لەنەت قىلىدۇ. گەرچە ئۆزىنىڭ جان قېرىنداش بىر تۇققىنىغا تەڭلىگەن تەقدىردىمۇ.»

پەرىشتىلەرنىڭ بۇ ئىشقا لەنەت قىلىشى، مۇشۇ ئىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى تىغ تەڭلەش مۇسۇلماننى قورقىتىدۇ. شەيتان ئىزىقتۇرۇپ سالسا، ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، جاننى ئالىدىغان قوراللارنى تەڭلەش تېخىمۇ خەتەرلىكتۇر. بۇ ھەقتىكى ئاچچىق ساۋاقلارمۇ ئاز ئەمەس.

## 3) ساھابىلەرنى تىللىغانلارغا

تەبەراني «مۇئجەمۇل كەبىر» دا ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىغانلارغا الله لەنەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ۋە بارلىق ئىنسانلار لەنەت قىلىدۇ.»

نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق! ساھابىلەرنى تىللاپ، شۇ ئارقىلىق خۇداغا يېقىنلاشماقچى بولغان ئادەملەرنىڭ ھالى

نېمە بولۇپ كېتەر!

## 4) اللە نىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغانلارغا

«نەسەئى» ۋە «ئىبنى ماجە» ئىبنى ئابباس (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن سەھىي ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىگە قىساس كېلىدۇ. كىمكى قىساس ئېلىشقا توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇنىڭغا اللە، پەرىشتىلەر ۋە بارلىق ئىنسانلار لەنەت قىلىدۇ.»

بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسلانغاندا، شەرىئەتنىڭ قاتىلغا بېرىدىغان جازاسىغا ھەرقانداق ۋاستە بىلەن توسقۇنلۇق قىلغان كىشىلەرگە ئەنە شۇنداق لەنەت ياغىدۇ. شەرىئەتنىڭ بىر ھۆكمىگە توسقۇنلۇق قىلغانلار شۇنداق جازالانسا، شەرىئەتنىڭ ئىجراسىغا پۈتۈنلەي توسقۇنلۇق قىلغانلار قانداق جازالىنار!

## 5) بىدئەتچىنى يۆلىگەنلەرگە

پەرىشتىلەر يەنە بىدئەتچىلەرگە ۋە بىدئەتچىنى يۆلىگەنلەرگە لەنەت قىلىدۇ. سەھىي ھەدىستا مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى، بىر بىدئەتنى پەيدا قىلسا ياكى بىدئەتچىنى يۆلىسە، ئۇنىڭغا اللە، پەرىشتىلەر ۋە بارلىق ئىنسانلار لەنەت قىلىدۇ.» (ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايىتى)

مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە بىدئەت پەيدا قىلىشنىڭ جىنايىتى تېخىمۇ ئېغىردۇر. «سەھىي بۇخارىي» ۋە «سەھىي مۇسلىم» دا ئەلىي ئىبنى ئەبۇ تالىب (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن: «مەدىنىنىڭ ئەير تېغى بىلەن سەۋر تېغى ئارىسىدىكى جايلىرى ھۆرمەتلىكتۇر. كىمكى، مەدىنىدە بىدئەت پەيدا قىلىدىكەن ياكى بىدئەتچىنى يۆلەيدىكەن، ئۇنىڭغا اﷲ، پەرىشتىلەر ۋە بارلىق ئىنسانلار لەنەت قىلىدۇ. اﷲ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلى ھېچقانداق ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ.»

**4 ـ كاپىرلارنىڭ پەرىشتىلەرنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشى**

كاپىرلار پەرىشتىلەرنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغاندا، اﷲ ئۇلارغا شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئۇلار پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنىسىدە، ئۇلارغا ياخشىلىق يوق. چۈنكى كاپىرلار ئازاب ئېلىپ كەلگەن پەرىشتىلەرنى ياكى ئۆلۈم پەرىشتىلىرىنىلا كۆرەلەيدۇ. «بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغان كاپىرلار: نېمىشقا بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ ياكى بىز نېمىشقا پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرمەيمىز؟ دېيىشتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتتى ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن چۈشكەن پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناھكارلارغا خۇشخەۋەر بولمايدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: سىلەرگە جەننەت ھارامدۇر، دەيدۇ.» (سۈرە فۇرقان21 ـ 22 ـ ئايەت)

# تۆتىنجى بۆلۈم

# پەرىشتىلەر بىلەن باشقا مەخلۇقلارنىڭ مۇناسىۋىتى

بىز يۇقىرقى پەسىلدە پەرىشتىلەر بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. پەرىشتىلەرنىڭ پائا ـ لىيىتى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بەلكى پەر ـ ىشتىلەر كائىناتنىڭ ھەرخىل ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان، ھەدىسنىڭ نەسلىرىگىلا كۇپايىلىنىمىز.

1 ـ ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر

ئەرشى ئەڭ چوڭ مەخلۇق بولۇپ، ئۇ ئاسمانلارنى ئوراپ تۇرىدۇ. مېھرىبان اللە ئەرشنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئەرشنى سەككىز پەرىشتە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. «پەرۋەر ـ دىگارىڭنىڭ ئەرشنى سەككىز پەرىشتە باشلىرى ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.» (سۈرە ھاققە 17 ـ ئايەت)

2 ـ تاغ پەرىشتىلىرى

تاغقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر بار بولۇپ، اللە بىر تاغ پەرىشتىسىنى بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلە ـ يھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن. بۇ پەرىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەككىلىكلەرنى ھالاك قىلىشقا بۇيرۇق بېرىشنى تەلەپ قىلغان. «سەھي بۇخاري» ۋە «سەھي مۇسلىم» دا شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، ئائىشە (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: «ئى اللە نىڭ پەيغە ـ مبىرى! سىزنىڭ بېشىڭغا ئوھۇد كۈنىدىنمۇ ئېغىرراق بىر كۈن كېلىپ باققانمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قەۋمىڭنىڭ نۇرغۇن ئازارلىرىنى تارتقانمەن. ئەڭ ئېغىر ئازارنى ئەقەبە كۈنى تارتتىم. مەن شۇ چاغدا ئابدي يالىل ئابدى كۇلالنىڭ ئوغلىدىن دەۋەتكە ئورۇن بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ، ئۇنىمىدى. مەن قايغۇرغان پېتى

مېڭىۋېرىپتىمەن. قەرنى سەئالىيب دېگەن جايغا كەلگە ـ نده، ئېسىمگە كېلىپ، بېشىمنى كۆتۈرسەم بىر بۇلۇت ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. بۇلۇت ئىچىدە جىبرىئىل بارئىكەن. ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ نىدا قىلدى: غالىب الله قەۋمىڭنىڭ سېنى رەت قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ساڭا بىر تاغ پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭغا خالىغىنىڭنى بۇيرۇغىن! تاغ پەرىشتىسى ماڭا سالام بەرگەندىن كېيىن مۇندىق دېدى: ئى مۇھەممەد! الله قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. مەن بىر تاغ پەرىشتىسى. الله مېنى سېنىڭ بۇيرۇقىڭنى ئورۇنداشقا ئەۋەتتى. نېمىنى خالايسەن؟ خالىساڭ ئۇلارنى ئىككى تاغ ئارىسىغا باستۇرىۋېتەي. مەن مۇنداق دېدىم: بەلكى الله ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن بىرلا الله قا ئىبادەت قىلىدىغان، شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەرنى چىقىرار.»

### 3 ـ يامغۇر، ئۆسۈملۈك، ۋە رىزىققا مۇئەككەل پەرىشتىلەر

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «مىكائىل بۇ دۇنيادىكى رىزىقلارنىڭ مەنبىئى بولغان يامغۇر ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە مۇئەككەلدۇر. ئۇنىڭ قول ئاستىدا كۆپلىگەن ياردەمچى پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلار الله نىڭ ئەمرى بويىچە شامال ۋە بۇلۇتلارنى باشقۇرىدۇ.»

بۇلۇتقا مۇئەككەل پەرىشتە ھەققىدە ئىبنى ئاباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «گۈلدۈرـ ماما ۋە بۇلۇتقا مۇئەككەل بىر پەرىشتە بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتىن

ياسالغان قىلىچلىرى بار. ئۇ، بۇ قىلىچلار بىلەن بۇلۇتنى الله خالىغان جايغا ھەيدەيدۇ.» (تىرمىزى رىۋايىتى)

دەرۋەقە بۇلۇت بەزى شەھەرلەرنى سۇغارسا، يەنە بەزىلىرىنى سۇغارمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ زىرائىتىنى سۇغارسا، يەنە بىرىنىڭكىنى سۇغارمايدۇ. «سەھىي مۇسلىم» دا ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم باياۋاندا كېتىپ باراتتى. شۇ ئەسنادا بۇلۇتنىڭ ئىچىدىن: پالانىنىڭ باغچىسىنى سۇغارغىن! دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇلۇت بىر چەتكە ئۆتۈپ، بىر تاشلىققا سۈيىنى تۆكتى. يامغۇر سۈيى بىر ئېقىنغا جۇغلىشىپ ئاقتى. ھېلىقى ئادەم سۇغا ئەگىشىپ بارسا، بىر كىشى ھېلىقى سۇ بىلەن بېغىنى سۇغىرىۋاتقان ئىكەن. ئۇ باغۋەنگە مۇنداق دېدى: ھەي الله نىڭ بەندىسى، ئىسمىڭ نېمە؟ باغۋەن ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، بۇلۇتتىن ئاڭلانغان ئىسىم بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. باغۋەن ئۇنىڭغا: مېنىڭ ئىسمىمنى نېمىشقا سورايسەن؟ دېدى. ئۇ كىشى: مۇشۇ سۇنى ياغدۇرغان بۇلۇت ئىچىدىن سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاڭلىدىم، سەن بۇ باغنى نېمىگە ئىشلىتىسەن؟ باغۋەن مۇنداق دېدى: بۇنى سوراپ قالدىڭ، باغنىڭ مەھسۇلاتىنى ئۈچ ئۈلۈشكە بۆلىمەن، بىر ئۈلۈشنى سەدىقە قىلىمەن، بىر ئۈلۈشنى بالىلىرىم بىلەن يەيمەن، بىر ئۈلۈشنى باغقا ئىشلىتىمەن.»

دېمەك، پەرىشتىلەر ئاسمان ـ زېمىنغا مۇئەككەل بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرىكەتلەر پەرىشتىلەر تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغاندۇر. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كائىناتنىڭ

ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى» (سۈرە زارىيات 5 ـ ئايەت)

«رىزىق ۋە يامغۇرلارنى تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى» (سۈرە زارىيات 4 ـ ئايەت)

ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىپ، پەيغەمبەرنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار: كائىناتنىڭ ھەرىكىتىنى يۇلتۇزلار كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىشىدۇ. ئۇنداق ئەمەس. بەلكى، اللە نىڭ ئەمرى بىلەن پەرىشتىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئارقىمۇ ـ ئارقا چىققۇچى شاماللار بىلەن قەسەمكى، قاتتىق چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەمكى، تارقاتقۇچى شاماللار بىلەن قەسەمكى، ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەرگە ۋەھيي ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى» (سۈرە مۇرسەلات 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر)

«كۇپپارلارنىڭ جانلىرىنى قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، مۇئمىنلارنىڭ جانلىرىنى سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، اللە نىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، ئىلگىرلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى» (سۈرە نازىئات 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر)

«سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان، دۈشمەنلەرگە قارشى ئات سېلىپ تۇرغان، كالامۇللانى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى» (سۈرە سافقات 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر)

مانا بۇئايەتلەرئاسمان ـ زېمىننىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ

قلىۋاتقان پەرىشتىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

# بەشنجى بۆلۈم

## پەرىشتىلەربىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ئارتۇقچىلىقلىرى

پەرىشتە ئۇلۇغمۇ، ئىنسانمۇ؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە ساھابىلەر دەۋرىدىن باشلاپ ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلمەكتە. تەبئىيكى، كاپىر ۋە مۇناپىقلار ھايۋانلاردىنمۇ پەس بولغاچقا، ئۇلارنى پەر ـ ىشتىلەرگە ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ياخشى كىشىلەر بىلەن پەرىشتىلەرنى ئۆز ـ ئارا سېلىشتۇرغاندا كىم ئارتۇق؟ تارىختا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك قاراشلار ئوتتۇرىغا چىققان:

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) : «اللە ياراتقان مەخلۇقلار ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئۇلۇغ» دېگەن. بىر كىشى ئۇنىڭدىن: جىبرىئىل ۋە مىكائىلچۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: جىبرىئىل ۋە مىكائىل ئاي ۋە كۈنگە ئوخشاشلا ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ زاتتۇر، دېگەن.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، مۇھەممەد ئىبنى كەئبىل قۇرەزي، ئۇمەييەتە ئىبنى ئەمرى ئىبنى سەئىد قاتارلىقلار: اللە نىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئادەملەر ئەڭ ئۇلۇغ، دەپ قارىدى. ئۇلار «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلدى. ئەراك ئىبنى مالىك:

پەرىشتىلەر اللە نىڭ ئەلچىلىرى ۋە ئىككى دۇنيانىڭ خىزمەتچىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار اللە نىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ دەپ قارىدى. ئۇ، «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار......ئۈچۈندۇر» دېگەن ئايە ـ تنى دەلىل قىلدى.

شىئەلەر: ئىماملار پەرىشتىلەردىن ئارتۇق، دەپ قارىدى.

ئىمام ئەھمەد: «پەرىشتە مۆئمىندىن ئارتۇق» دېگەن كىشىلەر خاتالىشىدۇ، دېدى.

ئەھلى سۈننىيلەر: ياخشى كىشىلەر ۋە پەيغەمبەرلەر پەرىشتىلەردىن ئارتۇق، دەپ قارىدى.

مۆئتەزىلىلەر: پەرىشتىلەر ئارتۇق دەپ قارىدى.

يۇقىرقى قاراشتىكىلەر ئۆز قاراشلىرىغا بەزىبىر ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ ئىشارەت مەزمۇنلىرىنى  دەلىل قىلىپ كۆرسە ـ تتى. بۇ ھەقتىكى مۆتىبەر قاراش ئىبنى تەيمىينىڭ تۆۋەندىكى قارىشىدۇر: «ياخشى ئادەملەر جەننەتكە كىرىپ، اللە قا يېقىنلىشىپ، ئالي دەرىجىلەرتېپىپ، اللە نىڭ سالامىغا نائىل بولۇپ، پەرىشتىلەرنى خىزمەتكە سېلىپ، اللە نىڭ جامالىنى كۆرۈپ، كامالەت تاپقانلىقنى نەزەردە تۇتقاندا ياخشى ئادەملەر پەرىشتىلەردىن ئارتۇقتۇر.

پەرىشتىلەرنىڭ ھازىرمۇ اللە نىڭ دەرگاھىدا تۇرۇپ، ئادەملەردىكى نۇقسانلاردىن خالي ھالدا ئىبادەتكە غەرىق بولغانلىقنى نەزەردە تۇتقاندا، پەرىشتىلەر ياخشى ئادەملەردىن ئارتۇقتۇر.

ئىبنۇل قەييىم جەۋزىي مۇنداق دېگەن: «بۇ مەسىلىنى يۇقىرىقىدەك ئايرىغاندا، ئىختىلاپلاشقۇچىلارنىڭ پىكرى بىرلىككە كېلىدۇ.»

توغرىسىنى اللە ئۆزى بىلىدۇ

تۈگىدى

